# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

1

1991

# مۇندەرىجە


تىرىشايلى — مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسى ئۈچۈن ......
...... ئىسمايىل ئەمەت 1

سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەن-
دۈرەيلى ...... سۇڭ خەنلياڭ 5

مىللەت نەزەرىيىسىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ......
...... جانابىل 19

ماركسىزمنىڭ دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ......
...... تاڭ شىمىن 40

شىنجاڭ يېزىلىرىدا 40 يىلدىن بۇيان بولغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئەسلىمە
...... ۋاڭ ۋېيجۇڭ 59

«كاپىتال» نىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا ...... ئابلىز ئىمىن، ئۆمەربەكرى 70

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا
كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى راۋاجلاندۇرايلى ...... چېن گۇگىلىن 85

«كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «كىشىلىك ئازادلىق» توغرىسىدا ......
— ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ......
...... ياڭ نەيچۇ 92

توبۇتلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ......
...... جاڭ يۈن 105

قەدىمىي شەھەر كىروران ۋە ئۇنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ......
...... ئىسمايىل مۇھەممەت 124

تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ......
...... ئەرشىدىن ئابدۇرېھىم 142

تارىخنى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى توغرا تونۇش، مىللەت ئېڭىنى يېتەك-
لەشكە ماھىر بولۇش كېرەك ...... ئىمىنجان ئەخمىدى 153

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ......
...... مۇھەممەتجان ئىسمايىل 161

ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىغا بىر نەزەر
...................... مۇھەممەتجان سادىق 173
«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپتىدائىي ئېتىقادلىرىغا نەزەر
...................... ئابلاجان مۇھەممەت 184

# 目　　录

奋斗——为了各民族的共同理想……………………………… 司马义·艾买提 1
坚持社会主义方向　繁荣社会科学研究……………………………… 宋汉良 5
谈谈有关民族理论的几个问题……………………………… 贾那布尔 19
马克思主义宗教观和党的宗教政策……………………………… 唐世民 40
新疆农村40年来变迁的回溯……………………………… 王卫中 59
《资本论》的现实意义……………………………… 阿布利孜·伊明　吾买尔·白克尔 70
在坚持公有制为主体的前提下发展多种经济成份……………………………… 陈躬林 85
论“人权”与“人的解放”——两种思想体系的对立……………………………… 杨乃初 92
吐蕃与西域诸族的关系……………………………… 张　云 105
楼兰古城的历史变迁……………………………… 司马依·买买提 124
语言和思维的关系初探……………………………… 儿西丁·阿布都热依木 142
正确认识历史和传统文化，提高民族觉悟……………………………… 依明江·艾合买德 153
维吾尔民间谚语的艺术特征……………………………… 穆罕穆德江·司马依 161
透过“觉醒”形象观察作者的世界观……………………………… 买买提江·萨迪克 173
从《乌古斯可汗传》看维吾尔人的原始信仰……………………………… 阿布拉江·穆汗穆德 184

# تىرىشايلى — مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسى ئۈچۈن

ئىسمائىل ئەھمەد

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزاق زامان قوش نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقانىدى. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جۇڭخۇا زېمىنىدا يەلپۈلدىگەندىن كېيىن، تارىخ يېڭى سەھىپە ئاچتى. ھەر قايسى مىللەت ياشلىرى زىيالىيلار قاتارىغا كۆكرەك كېرىپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ قوشۇلدى. ھازىر ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈۋاتقانلار 30 مىڭدىن ئارتۇق. مەملىكىتىمىزدە 1 مىليون كىشىلىك ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى قوشۇنى بار، ھازىر ھەممە ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. بۇ ھال دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىنى نامايەن قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1 مىليون سان ئاز ئەمەس، ئەمما 91 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە 55 مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت كۈرەش قىلىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ساننى زادىلا كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرى ھەممە مىللەت ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىدىغان دەۋر. تەرەققىي قىلىش - گۈللىنىش ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۈپىتىنىڭ (ئاساسەن ئىدىيە، ئەخلاق سۈپىتىنىڭ ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ) ئۈستۈرۈلۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ قوشۇن، يەنى كادىرلار قوشۇنى، سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنى ۋە زىيالىيلار قوشۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇن بولۇشى لازىم. سانى كۆپ زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇش بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتى، شۇنداقلا

بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر مىللەت زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى قىيىن بولىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە شۇنداق. مەملىكىتىمىزدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ كونىلىقىنى تاشلاپ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە مۇھتاج، ئەمما نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىنىڭ رولىنى باشقا مىللەت زىيالىيلىرى ئوينىيالمايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولسا ھەر قايسى مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنداق دېيىشكە تولۇق ھەقلىقمىزكى، ئازسانلىق مىللەت زىيالىيلىرى قوشۇنى چوڭراق بولۇشى، يەنىمۇ چوڭراق بولۇشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى قوشۇنىمىز ئىشەنچلىك، يۆلەنگىلى بولىدىغان، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان قوشۇن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمدىلا قۇرۇلغان چاغدا، بەزى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، بولقا - ئوغاق بەلگىلىك بايراقنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، جۇڭگودىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ خىزمەتلەر كۆرسەتكەندى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھەر قايسى مىللەت زىيالىيلىرى گۈزەل ئىستەك، ئالىيجاناب غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تەشنالىق بىلەن، ھارماي كۈرەش قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شارائىتى جاپالىق جايلاردا ئىشلىمەكتە. ئۇلار تاغ - چوققىلاردا، باياۋان - چۆللەردە، جاڭگاللىقلاردا، قارلىق دالىلاردا شانلىق ئىزلار قالدۇردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەيەر ئەڭ چۆل، ئەڭ خىلۋەت، ئەڭ جاپالىق بولسا، شۇ يەردە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ زەبەردەست قامىتى بار. ئىختىساسلىق خادىملارغا بەكمۇ مۇھتاج بولۇۋاتقان، يەنە كېلىپ ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشمەيۋاتقان مىللىي رايونلاردا ئۇلار گويا باياۋاندىكى بۇلاققا، چۆل - جەزىرىدىكى دەرەخقە ئوخشاش قەدىرلىك بىلىنىدۇ. ئۇلار جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ پاك خىسلىتىنى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، كەڭ ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ،

ئۇلار خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئەھۋاللاردا، بوران - دولقۇنلاردا، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، مەيداندا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بولۇپمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مەنسۇپ، ئۇلۇغ دۆلىتىمىزگە مەنسۇپ. ئەمما ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مىللەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە ئورتاق ئارتۇقچىلىقى بار. لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى بەكرەك ئاسراش، بەكرەك چۈشىنىش ۋە بەكرەك ھۆرمەتلەش لازىم. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئېڭى، دېموكراتىك ئېڭى كۈچەيدى. زىيالىيلار ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى تېخىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى، ئارزۇسىنى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، پىكىر، تەكلىپ ۋە تەنقىدلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاسراش، پىكىرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاش لازىم، ئەلۋەتتە. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئۈنۈمدارلىقىنى كۆزلىشى، يىراقنى ئويلىشى، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشى لازىم. ئولتۇراقلاشقان رايون، مىللىي روھىي ھالەت، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئېھتىياجى ۋە قىيىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن، بۇنىمۇ چۈشىنىش ھەمدە مۇمكىنقەدەر ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

تارىخ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ئېغىر ۋەزىپە يۈكلىدى، دەۋر ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا. زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى، شۇنداقلا ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ تۈپ يولى. ھەر بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى، ئەجدادلار قىلىپ باقمىغان بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسىتىشى لازىم.

بىز ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەت، مىللەت ۋە شەخسنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. زىيالىيلار ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ، ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە مەنسۇپ: بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىتىنى سۆيۈشىمىز لازىم، ئەمما سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ سۆيۈشىمىز لازىم. چۈنكى ۋەتەن ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مىللەت بىلەن دۆلەت ئىلگىرىلەشتىمۇ بىللە بولىدۇ، شان-شۆھرەتتىمۇ بىللە بولىدۇ. دۆلەت كۈچەيگەندىلا، ئاندىن ھەممە مىللەت گۈللىنىدۇ. شەخسلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق يەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ۋەتەننىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۆتمۈشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولغانىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەممە مىللەت بىرلىككە كەلگەن ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدىلا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىگە بولىدۇ، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۆرىشىدە زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. بىز بۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەتنى ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىشىمىز لازىم، بىز — ھەر مىللەت زىيالىيلىرى بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۆز ئارا ئۆگىنىشىمىز، چىن دىلىمىزدىن ئىتتىپاقلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ساداقىتى، ئىخلاسمەنلىكى ۋە بىلىمى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېمىرىلمەس قورغىنىغا خىش-كاھىش تىزىشىمىز لازىم.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى زىيالىيلارغا مۇھتاج، زىيالىيلارمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھتاج. مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ، ئىلگىرىلەيدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلاردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئۈزلۈكسىز يېتىلىدۇ.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

# سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرەيلى

ـ زوڭ خەنلياڭ

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە نەشرى ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى) ژۇرنىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ژۇرنال. بۇ ژۇرنال، نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ـ ئومۇملاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ خەنزۇچىسى ئىككى ژۇرنالغا — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» ناملىق ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ژۇرنالغا ۋە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ناملىق تارىخ ـ پەلسەپە ژۇرنىلىغا بۆلۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ناملىق قازاقچە ژۇرنال نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىر ئىش. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن، شۇنداقلا بىر ئاددىي كىتابخانلىق نامىم بىلەن بۇنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي پەنگە دائىر نەزەرىيىۋى ژۇرناللارنى قانداق باشقۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى قانداق گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئىزدىنىش ئۈچۈن بەزى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم.

بىزنىڭ پارتىيىمىز پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، تەبىئىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 ـ ئومۇمىي يىغىنى كەلگۈسى 10 يىل ئۈچۈن يول ئاچىدىغان ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولدى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 يىللىق پىلانىنى ۋە 8 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەت پروگراممىمىز. بۇ تەكلىپتە بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كۆرەش نىشانى، ئاساسىي يېتەكچى فاڭجېنى، تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ۋەزىپىسى، سىياسىتى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى كېڭەيتىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەدبىرلىرى ئېنىق كۆرسىتىلىپلا قالماي، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تۈپ فاڭجېنى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىمۇ كونكرېت شەرھلەنگەن. 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەركىزىي ۋەزىپىسى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تارماقلىرىنىڭمۇ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە ئاساسلىق خىزمىتى. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى كۈندىن كۈنگە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرىدىغان غايەت زور تۈرتكە بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئۇ 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. بولۇپمۇ ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر قاتار يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، زامانىمىزدىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ئەگرى ـ توقايلىق ۋە تەكرارلىنىشلار ئالدىدا شۇنىڭدەك شىددەتلىك ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يېڭى

دۇنياۋى ۋەزىيەتتە بىز پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خادىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جاپاغا چىداپ ۋە تىرىشىپ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتى ئارقىلىق ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشى لازىم، شۇنداق تەتقىقات ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى، مەدەنىيەت خەزىنىسى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلىشى، ماركسىزمنىڭ نەزەرىيىۋى خەزىنىسى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلىشى، شۇنداق قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، شىنجاڭدا يەنە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرىلەتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى لازىم. ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ژۇرناللىرى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ ئېرىشىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرىدىغان، خېلى يۇقىرى ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى مەلۇماتقا ئىگە بولغان ھەم تەتقىقات خىزمىتىنى پۇختىلىق بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيدىغان ئىختىساسلىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇھىم زېمىن. ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ژۇرناللىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى سەپتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىمىز، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنى باشقۇرغۇچىلىرىمىز شۇنىڭدەك كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىز بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشى لازىم.

بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئايرىم ساندىكى كىشىلەرنىڭ بېيجىڭدا يۈز بەرگەن 4 - ئىيۇن ۋەقەسىدىن ئىلگىرى مەلۇم بازارغا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، ئۇلار «دۇنيا ئىقتىسادىي يېتەكچىسى» گە ئوخشاش مۇشۇنداق مۇھىم جامائەت پىكرى بازىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى بولۇشىچە يولغا قويۇپ، ئۇرغۇنلىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنى ئالدىغان ۋە زەھەرلىگەن، بولۇپمۇ ئۇرغۇنلىغان ساددا، گۆدەك ياشلارنى ئالدىغان ۋە زەھەرلىگەن. بۇ تارىخىي ساۋاقنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. بىز ئىجتىمائىي پەن

تەتقىقاتىنىڭ بۇ بازىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ژۇرناللىرىنى ياخشى باشقۇرۇشىمىز ۋە ياخشى چىقىرىشىمىز لازىم. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى (جۈملىدىن ئىككى خىل خەنزۇچە نۇسخىسىنى، ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ۋە قازاقچە نۇسخىسىنى) ياخشى چىقىرىپلا قالماي، ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىدىغان باشقا ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ژۇرناللىرىنىمۇ ياخشى چىقىرىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى ژۇرناللىرىنى ئوبدان چىقىرىشتىكى بىردىنبىر توغرا تۈپ فاڭجېنىمىز.

ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى، ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، توغرا تەتقىقات يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ چىرمىشىغا ئۇچرايدۇ. دەرۋەقە، بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىز كونكرېت پەن تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا ماركسىزمنى دەسسەتكەنلىكىمىز ئەمەس، شۇنداقلا ماركسىزمغا قارىتا پراگماتىزملىق ۋە دوگماتىزملىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىمىز ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەننى تەتقىق قىلىشتىكى بەزى پايدىلىق ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، دەلىللەش ئۇسۇلى، مىقدارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، سىستېما قۇرۇلۇشى ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللىرىنى چەتكە قاققانلىقىمىزمۇ ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىنى، كونكرېت تەتقىقات جەريانىدا ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىنى، كونكرېت پەنلەرنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلى بىلەن توغرا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ

كۆرسىتىدۇ: «بىزگە قانداق نەزەرىيىچىلەر كېرەك؟ بىزگە شۇنداق نەزەرىيىچىلەر كېرەككى، ئۇلار ماركسىزم-لېنىنىزم مەيدانى، نۇقتىئىينەزەرى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ، تارىختا ۋە ئىنقىلابتا پەيدا بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى توغرا يېشىپ بېرەلەيدىغان، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يېشىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولسۇن.» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم 1971-يىل ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى 1475-بەت) شۇنداق دېيىش كېرەككى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئالدىدا، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئالدىدا بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىمىز يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسىنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، مىللەت، تىل، ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دەل بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىمىزدە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىزنىڭ، ماركسىزمنى نەزەرىيىۋى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە داۋاملىق، تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا بولغان يېتەكچىلىكىدە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش،

چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئوبدان ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا دائىر مەخسۇس بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەيدىغانلا بولساق، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىز چوقۇم سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرىمىز ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىمىز كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا يەنىمۇ ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە دائىر ئارقا سەپ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشى، ھەر خىل نەشرىيات ئاپپاراتلىرى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن بىز كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرەلەيمىز.

ھازىر مەن بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ژۇرناللىرىمىزنى يەنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق بىر نەچچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقاتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم**

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيە 11 نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان توپلانغان تۈپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، 12 ماددىلىق پرىنسىپتىن ئىبارەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى ۋە تۈپ ئەمەلىيىتىنى يىغىنچاقلىدى. بۇ 7 - ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزنىڭمۇ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغاندىلا، ئاندىن مىللەتنى گۈللەندۈرگىلى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلىغان ۋە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم يولىدا ماڭمايدىكەنمىز، جاھان مالىمانچىلىشىدۇ، بۆلۈنۈش يۈز بېرى-
دۇ، ئىچكى يېغىلىق ئۈزۈلمەيدۇ، خەلق ھايات كەچۈرەلمەيدۇ، ئازاب - ئوقۇ-
بەت ئىچىدە قالىدۇ. ھازىرقى زامان سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان
بەزى ئەگرى - توقايلىق ۋە تەكرارلىنىشلار ئالدىدا، بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن خادىمە-
لىرىمىز ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۈز نەچچە
يىلدىن بۇيانقى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تەمىن ئەتكەن مول تەجرىبە-ساۋاقلا-
رىنى تەتقىق قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە پەيدىنپەي
ھالاك بولۇشقا قاراپ مېڭىشىغا دائىر جانلىق ماتېرىياللارنى قوللىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ
بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان فېئوداللىزمغا، جاھانگىرلىككە ۋە بيۇروكرات كاپىتال-
زمغا قارشى كۆرەش قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى قوللىنىپ، ھازىرقى زامان
سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى
چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان،
ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى
چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى لازىم. نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق، كەڭ
خەلق ئاممىسىنى شۇنداق بىر ئاساسىي قائىدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكا-
نىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەككى، ھازىرقى زامان سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە يا بۇنداق،
يا ئۇنداق ئەگرى - توقايلىق يۈز بەرسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم-
نىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ئېقىمنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن
ئەمەس. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئىلگىرى يا بۇنداق، ياكى ئۇنداق سەۋ-
ۋەنلىكلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزمنى تاللىۋالغانلىقى جۇڭگونىڭ يۈز نەچچە
يىللىق تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم-
نىڭ ئورنىنى ئېلىشى ناھايىتى ئۇزاق ھەم ئەگرى توقاي تارىخىي تەرەققىيات
جەريانى بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ ئاخىر غەلىبە قازىنىدىغانلىقى، كاپىتا-
لىزمنىڭ ئاخىر مەغلۇب بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. ھازىر يولداش جياڭ زېمىن
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تۈزەش - ياخشىلاشتا ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ
ياخشى، تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىتىپ، ئالاھىدە ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ،

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللىشىغا ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، چەكسىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىز سوتسىيالىزمنى داداللىق بىلەن تەشۋىق قىلىشى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قىلچە دىلغۇل بولماي قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشى لازىم. ئىدىيە - نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ شەرھلىنىدىغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى چوڭقۇر تەنقىد قىلىنىدىغان ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى يېزىشقا داۋاملىق پىلانلىق تۈردە تەشكىللەش ۋە ئۇلارنى ئېلان قىلىش كېرەك. بۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، جىددىي سىياسىي ۋەزىپە.

## ئىككىنچى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى لازىم

مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدۇر. مۇقىملىق مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئەتى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر شەرتى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. دېمەك، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى جۇڭگو خەلقىگىلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، دۇنيادىكى ھەر قايسى مەملىكەت خەلقلىرىگىمۇ پايدىلىق. جۇڭگودەك بۇنداق 1 مىليارد 100 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە، 50 نەچچە مىللەت ياشايدىغان چوڭ مەملىكەتتە سىياسىي جەھەتتىكى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇقىملىق بولمايدىكەن، جۇڭگونىڭ ھېچقانداق ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇلا ئەمەس، بەلكى بۇ ھال دۇنيانىڭ ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقىغىمۇ پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز چوقۇم مۇقىملىقنى باشتىن ئاخىر ھەممىنى بېسىپ چۈشى-

دىغان ئورۇنغا قويۇپ، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرىلىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا مۆلچەرلەنگەن ئۇلۇغ قۇرۇلۇش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىيات ئۆز نۆۋىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۈپ يولى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان نىشاننى، يەنى يىللىق ساپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سوتسىيالىستىك يۈزلىنىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى مېخانىزم ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىگە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە ئۆزىگە خاس رايون ئالاھىدىلىكى شىنجاڭدا مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھەقتە باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم يوليورۇق بەردى. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىر كېلىدۇ. چېگرىنىڭ تىنچلىقىنى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش شىنجاڭنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ يەنە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنىڭ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، چەت ئەللەردىكى تۈرلۈك دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭغا قارىتىپ سىڭىپ كىرىش بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقىدىن زادىلا ۋاز كەچكىنى يوق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى

ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى زادىلا توختاتقىنى يوق. بۇنىڭغا قارىتا بىزدە سەگەك تونۇش بولۇشى لازىم. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىز ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىينەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭدا مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، جاپالىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى، شىنجاڭدا مۇقىملىقتا چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇشنىڭ دىئالېكتىكلىق مۇناسىۋىتىنى، شىنجاڭدا مۇقىملىقتا، تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئورتاق ئالغا بېسىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھلەپ بېرىشى لازىم. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى شىنجاڭدا مۇقىملىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ چارە-تەدبىر كۆرسىتىشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل شىنجاڭنى ئېچىش سۈرئىتى تېزلىشىدىغان ھالقىلىق مەزگىل بولىدۇ. يېڭى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى رېئال مەسىلىلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوننى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر ھالقىلىق مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈشتە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە ۋە بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىتتىپاق بولغان، گۈللەنگەن، ئىلگىرىلەۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## ئۈچىنچى، ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ناھايىتى مۇھىم. ماركسىزم-

نىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى توغرىسىدا چوڭقۇر، تەشۋىقات ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەشۋىقات ۋە تەربىيە جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭدىكى مۇرەككەپ مىللەت مەسىلىسى ۋە دىن مەسىلىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش، بۇ ھەقتە تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەھەتتە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مىللىي مەسىلىنى، دىنىي مەسىلىنى سوتسيالىزم تارىخىي دەۋرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە دەيدىكەنمىز، شىنجاڭدا ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات، تەشۋىقات، تەربىيىدە چىڭ تۇرۇشمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق ۋەزىپە، بۇ شىنجاڭدىكى كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭمۇ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دىنلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى يەنە شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان تۈرلۈك ئىدىيىۋى تەسىرلەرنى تارقىتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىياسىي- ئىدىيىۋى يازىنى پرولېتارىيات ئىگىلىمىسە، مۇقەررەر ھالدا بۇرژۇئازىيە ئىگىلەيدۇ. بىز ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشىدا، تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرساق، ئاندىن پومېشچىك - بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى تەسىرلىرىنى تۈگىتىپ، تارىخ تەتقىقاتىدا ئىدېيالىزملىق تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تازىلىيالايمىز. كەڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات

خادىملىرىمىز چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى پەيدىنپەي ئۆگىنىپ ۋە قوللىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ۋە دىن مەسىلىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان مىللىي مەسىلىلەر ۋە دىنىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم شىنجاڭدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مىللىي مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلە توغرىسىدا بەرگەن بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشى توغرىسىدا قىلغان ئىخچام، ئەتراپلىق، توغرا سۆزلىرى بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزدا، سوتسىيالىزم باسقۇچىدا شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشىمىزدا، سوتسىيالىزم دەۋرىدە پارتىيىمىزنىڭ تۇراقلىق مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزدە مۇھىم يېتەكچى ئىدىيە، شۇنداقلا بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىزدىكى ئۆتكۈر قورالىمىز. قىسقىسى، ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى چوڭقۇر، ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىشتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى، دىن قارىشى توغرىسىدا چوڭقۇر، ئۇزاق مۇددەت تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلىغىلى، شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلغىلى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئور-

تاق گۈللەندۈرۈش يولىغا ماڭغىلى، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدىكى پولات قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلساق، بىز تۈرلۈك مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتىمۇ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

**ئۈچىنچى، پارتىيىمىزنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك**

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش يەنىلا سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىردىنبىر توغرا فاڭجېن، بىز بۇ فاڭجېندىن قىلچە گۇمانلانماسلىقىمىز ۋە تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم. بۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش قارىمۇ قارشى ئەمەس، بەلكى بىردەك. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىلىم - پەن ئەركىنلىكىنى، تۈرلۈك ئىلمىي ئېقىملارنىڭ، تۈرلۈك ئىلمىي قاراشلارنىڭ مۇنازىرىسىنى تىرىشىپ تەشەببۇس قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىلىرىنى پائال تەتقىق قىلىشقا، چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا، چەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكى بىزگە كېرەكلىك بارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشقا، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ۋە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىلىم - پەن ئاتموسفېراسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، دېموكراتىك، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان، تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان مۇھىت يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتا مۇھىم مۇنۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك: بىرىنچى، يولداشلارچە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش لازىم، سىياسىي جەھەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ بولمىسىلا، تۈرلۈك ئىلمىي قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ئەركىن مۇھاكىمىگە، تەنقىد قىلىشقا شۇنداقلا تەنقىدكە قارشى تەنقىد قىلىشقا يول قويۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش،

ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ توغرا - خاتالىقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنىلىدۇ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ۋە ياخشى - ناچارلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئىنقىلابىي روھ بىلەن ئىلمىي پوزىتسىيىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن ھەم يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەم دۈشمەنلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتە، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان زور ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات قوشۇنىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىزمنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرالايمىز.

**ئاخىردا، مەن يەنە ياش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن**

ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ياش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش بولسا پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىدە ۋارىسلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان زور ئىش. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ياشلار شەرەپلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىمىغا ئايلاندى. بۇ پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. ياشلار كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، قىزغىن، ئىدىيىدە سەگەك، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەتلىك كېلىدۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار جۇڭگونىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئانچە چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار گەرچە ماركسىزمغا دائىر بەزى كىتابلارنى ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىۋېلىشتىن تېخى خېلى يىراق. بىزنىڭ ياش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىز ئۈچۈن يەنە ئۆگىنىش ۋە پىشىپ يېتىلىش جەريانى زۆرۈر، شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك

(داۋامى 193 - بەتتە)

# مىللەت نەزەرىيىسىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا

جانابىل

1982 ـ يىلدىن بۇيان، بىز ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ئىزچىل رەۋىشتە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ئۆگىنىشنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈنمۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈنمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈنمۇ، تۈزەش ـ ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ كۈچلۈك كاپالەتلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق ـ تەربىيە چوڭقۇرلاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆگىنىش ۋە تەربىيە بېرىش جەريانىدا بەزى مۇجمەل تونۇش ۋە خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق مۇجمەل تونۇش ۋە خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تازىلاپ، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى قىلچە دېلىغۇل بولماي ئىجابىي جەھەتتىن ئېنىق بايان قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىدىيىۋى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا نۇقتىئىنەزەرنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش ۋە تەربىيە بېرىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا دائىر مەسىلىلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

## 1. مىللىي مەسىلىنى ئەتراپلىق تونۇش ۋە ئىگەللەش لازىم

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، «مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي مەسىلە» دېيىدىغان بىر تەرەپلىمە تونۇشنى تۈزەتتۇق. ئەمدىلىكتە گويا ئىقتىسادىي مەسىلە ھەل بولسىلا مىللىي مەسىلىمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىنلا ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك، «مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئىقتىسادىي مەسىلە» دېيىدىغان يەنە بىر خىل بىر تەرەپلىمە

نۇقتىئىنەزەر پەيدا بولدى. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەزەرىيە سېپىدىكى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئارماقلىرىدىكى بەزى يولداشلار ئارىسىدا ئەكس ئېتىلمەكتە، تەسىر كۆرسەتمەكتە.

مىللىي مەسىلە مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك مەسىلە، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. بىز مىللىي مەسىلىنى ئەتراپلىق تونۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز لازىم. مىللىي مەسىلىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تونۇش لازىم:

بىرىنچى، مىللىي مەسىلىنى مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتىن تونۇش لازىم. ماركسىزم شۇنداق دەپ قارايدۇكى، مىللەت جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە شەكىللەنگەن كىشىلەر توپى. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم ئۈستقۇرۇلما، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك شارائىت، تىل-يېزىق، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ستالىن مىللەتكە تەبىر بېرىپ: «مىللەت كىشىلەرنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن، ئورتاق تىلغا، ئورتاق رايونغا، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا شۇنىڭدەك ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخىك ئامىللارغا ئىگە بولغان تۇراقلىق كىشىلەر توپىدۇر» دەيدۇ. ستالىننىڭ مىللەت توغرىسىدىكى بۇ تەبىرى ياۋروپا كاپىتالىزمى مىللەتلىرىنى تىپ قىلىش ئارقىلىق يىغىنچاقلانغان. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە ستالىننىڭ بۇ تەبىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو تۇپرىقىدا ياشايدىغانلىكى تۇراقلىق كىشىلەر توپى، ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدىن، ياشاۋاتقان زېمىنىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا ياكى تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇشىدىن ۋە ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مەملىكىتىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، تارىختا شەكىللەنگەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل-يېزىق، كىيىم-كېچەك، ئۆرپ-ئادەت، مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولسىلا «مىللەت» دەپ

ئاتىلىدۇ دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ كەلدى. مىللەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مىللەتكە ۋە مىللىي مەسىلىگە مەلۇم بىر تەرەپتىنلا — سىياسىي جەھەتتىنلا ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا، ياكى ئىدىيە - مەدەنىيەت جەھەتتىنلا ۋە ياكى رايون جەھەتتىنلا قاراش، مەسىلىنى شۇنداق قويۇش بىر تەرەپلىمە بولىدۇ، مىللەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىگە ۋە تۈپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي مەسىلىگە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قاراش لازىم. ماركسىزم مىللىي مەسىلە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەسىلە دەپ قارايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەت مەسىلىسى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەدەنىيەت، تىل، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ھەتتا يوقىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەت ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ۋە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە مىللىي مەسىلىدە مىللەت ئامىللىرى بىلەن سىنىپىي ئامىللار گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ۋە مەزمۇنى مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نىزا، كەمسىتىش، ئۆچمەنلىك، توقۇنۇش ۋە كۈرەشتىن ئىبارەت. مىللەت بىلەن سىنىپ ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم. مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلە ھەم باغلىنىشلىق بولىدۇ، ھەم پەرقلىق بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ مىللىي مەسىلىنىڭ ھەممىسىلا سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى سىنىپىي جەمئىيەتتە مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىناقلىق ۋە دوستانە ئالاقە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. بىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئورناتتۇق، مىللىي زۇلۇمنى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلدۇق، سىنىپىي زىددىيەت مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشـ

تىن قالدى، دېمەك، ئۇ مىللىي مەسىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ بولۇشتىنمۇ قالدى. ئەمما سىنىپىي كۆرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت، شۇڭا ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي، بۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتە تارىختىن قېپقالغان پەرقلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مەسىلىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب. بۇ دەۋردىكى مىللىي مەسىلە ئۆتمۈشتىكى مىللىي مەسىلەبىلەن ۋەئۆتمۈشتىكى مىللىي مەسىلە بىلەنمۇ تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا مۇرەككەپ ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي مەسىلىنى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىدىن تونۇش كېرەك. مىللىي مەسىلە مىللەت يوقالغاندا ئاندىن ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولىدۇ. مىللەتنىڭ يوقىلىشى مىللەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، ئەمما بۇ ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخىي جەريان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يېقىنقى ۋاقىتتىلا، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولماستىن، پۈتۈن دۇنيادا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئورۇندىلىدىغان ئىش. لېنىن: مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق «پۈتۈن دۇنيادا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى ئۇزۇن دەۋر ساقلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى. ماۋزېدۇڭمۇ: «ئاۋۋال سىنىپ يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت يوقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مىللەت يوقىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بىز كوممۇنىستلار مىللەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىغا، ھەممە مىللەتنىڭ ئاخىر يوقىلىدىغانلىقىغا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قايتىدىن مىللەتلەرگە بۆلۈنمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز، ئەمما مىللەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ناھايىتى يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش، ھەممە مىللەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنىڭ نەتىجىسى. سوتسىيالىزم باسقۇچى ھەممە مىللەت تولۇق تەرەققىي قىلىدىغان، گۈللىنىدىغان دەۋر. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھەممە مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم ئەڭ ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە ھەممە مىللەت، بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان مىللەت مۇشۇ دەۋردىلا ئەڭ ئوبدان، تولۇق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە

بىرىنچى قېتىم ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تازا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئارقىلىق نامايەن قىلالايدىغان، ۋەتەنگە، ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ زور تۆھپە تەقدىم قىلالايدىغان بولدى. مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى كۆرمەي، مىللىي مەسىلىنى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر تارىخىي جەھەتتىن يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ، ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزەرنىڭ كەملىكىنىڭ ئىپادىسى.

مىللىي مەسىلىنى ئەتراپلىق تونۇش ۋە ئىگەللەشنى تەكىتلىگەنلىكىمىز مىللىي مەسىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ۋە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ۋەزىپە ۋە تەلەپنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتىنىڭ مەركىزى بولدى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىتىلىشىنى جىددىي تەلەپ قىلىشدا كۆپرەك ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق، بۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىڭ تۇرىمىز. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن باشقا تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مەسىلىسى گەۋدىلىك بولۇپ قالدى؛ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئالاقىنى كېڭەيتىش ئارقىسىدا، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە تازا مۇھىم بولۇپ قالدى؛ دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دىنىي مەسىلە مىللەتلەر خىزمىتىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى؛ خەلقئارادىكى چوڭ كىلىماتنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشى تېخىمۇ جىددىي بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتلەردىكى خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى پۇختىلىق بىلەن ئىشلىگەندىلا، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزگىلى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» مەسىلىسى توغرىسىدا

1982 - يىلدىن بۇيان، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىدە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» شوئارىنى، يەنى «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېيىدىغان جاراڭلىق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ شوئار هازىر ھەممە كىشىگە چۈشىنىشلىك بولۇپ، كۈندىن كۈنگە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا ھەمدە بىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشىمىزدىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىلەردىن بىرى بولۇپ قالماقتا. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» شوئارى ۋە ئىدىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئوخشاش بولمىغان بەزى قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ جەھەتتىكى مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزەر «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى يوق دېگەندىن ئىبارەت. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» مەملىكىتىمىزدە، بولۇپمۇ شىنجاڭغا ئوخشاش كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي ئاپتونوم رايوندا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى مۇشۇنداق سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق يىغىنچاقلىنىشى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگىلا ئۇيغۇن كېلىپ قالماي، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىمۇ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» بىلەن يىغىنچاقلاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تارىختىن خەۋىرى باركىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، جۇڭگونىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ھەممە مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان. شىنجاڭ ئەزەلدىنلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ زېمىندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۇزاق زاماندىن بۇيان خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، بىرلىكتە تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ، بۇ گۆھەر زېمىننى ئېچىش، ۋەتەننىڭ شانلىق تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغان. بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن بىللە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېگىلمەي - پۈكۈلمەي

كۆرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئەتتىپاقلىقىنىڭ زەپەر مارشلىرىنى ياڭراتقان. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان ئاساسىنى بىرلىكتە ياراتتى، ھەممە مىللەتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىكتە گۈللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، بىرلىكتە كۆرەش قىلىش، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈشتەك بۇنداق مۇناسىۋەت «ئىككى ئايرىلالماسلىق» بولماي نېمە؟ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. بىرىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزەرى، پرولېتارىياتنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنى بەلگىلىگەن. «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!»، «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەر، بىرلىشىڭلار!» دېگەن شوئار ئۇنىڭ ئۇلۇغ جەڭگىۋار چاقىرىقى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ماركسىزملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنىڭ جانلىق، ئاددىي ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ئىككىنچى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكىگە، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم جاي ئىكەنلىكىگە، مۇشۇنداق ئىنتايىن ئېنىق ئالدىنقى شەرتكە قارىتىپ ئېيتىلغان، مۇشۇ ئالدىنقى شەرتتىن چەتلەپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلىپمۇ ياشىيالايدۇ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلىپمۇ ياشىيالايدۇ» ۋەھاكازا دېيىش، روشەنكى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەنلىك بولىدۇ ياكى يامان غەرەزنى كۆڭلىگە پۈككەنلىك بولىدۇ.

مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى قايتا - قايتا تەكىتلىشىمىز ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار مىللىي ئۆلچەمەنلىك، مىللىي قارىمۇ قارشىلىق

پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىنى، دىنىي مەسىلىنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى يەكلەش، ئاتالمىش «بىدئەتچىلەر» نى يوقىتىش، «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش» دېگەندەك ئۇخشاش شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مەيداندا مۇستەھكەم تۇرالىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى كۈرەش قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە مەسىلەن، بىزنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىمىزدە، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان كادىرلىرىمىز «شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەنزۇ كادىرلاردىن ئايرىلالمايدۇ، خەنزۇ كادىرلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىدىيىنى ئېنىق تۇرغۇزمايدىكەن، ئۇلارنىڭ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە ئېيتايلۇق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە، بىزنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرىمىز، ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلىرىمىز، كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا ئويلىماي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ دىققەت قىلىشى، يەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش مەسىلىسىنىمۇ ئويلىشى كېرەك. بۇنىڭدىمۇ بىزنىڭ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزنىڭ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ئۆتمۈشنى يەكۈنلىگەنلىكلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقانلىق. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھاتنى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش جەريانىدىمۇ ئورتاق غايىگە، ئورتاق مەنپەئەتكە، ئورتاق تەقدىرگە ئىگە بولدۇق، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ قەدەمگە بۆلۈنگەن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىمۇ ئورتاق غايىگە، ئورتاق مەنپەئەتكە، ئورتاق تەقدىرگە ئىگە بولدۇق، كېلەر ئەسىردە شىنجاڭنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ كۆلەملىك ئېچىلىشى جەريانىدىمۇ ئورتاق غايىگە، ئورتاق مەنپەئەتكە، ئورتاق تەقدىرگە ئىگە بولىمىز. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر -

بىرىدىن ئايرىلالماسلىق مۇناسىۋىتىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تا چىڭ تۇرغاندىلا، شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، ئەگەر «ئىككى ئايرىلالماسلىق» مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدىكەن، مىللەتلەر بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشالمايدىكەن، ھەتتا زىتلىشىدىكەن، بىر - بىرىنى يەكلەيدىكەن ۋە يامان كۆرىدىكەن، بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك ۋە چېكىنىشلا كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ھېچقايسى مىللەتكە پايدىلىق ئەمەس، بۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغانلار ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىلا بولىدۇ.

## 3. مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىسى توغرىسىدا

مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم مىللىي سىياسىتى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭمۇ تەلىپى. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت. مىللىي باراۋەرلىك بولمايدىكەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆز ئارا كۆيۈنۈشى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى مۇمكىن بولمايدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش تەس بولىدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنىڭ مىللىي مەسىلىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن بولمايدۇ. قىسقىسى، مىللىي باراۋەرلىك بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم يوقىتىلىپ، ھەممە مىللەت سىياسىي جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان، باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. دېمەك، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەممە مىللەت باب - باراۋەر. بۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان رېئاللىق. ئەمما بىزنىڭ شىنجاڭدا بەزى كىشىلەر يامان غەرەز بىلەن: خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر باراۋەر ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەتلەر كەمسىتىلىۋاتىدۇ دەيدۇ، ھەتتا ئېزىلىۋاتىدۇ، قۇل قىلىنىۋاتىدۇ دەيدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان كىم؟ — مەملىكەت

سىرتىدىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەر، بۇنداق نۇقتىئىنەزەر خاتا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەكسىيەتچىل. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئاق - قا- رىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدۇكى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىكى مىللىي باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىگە ھۇجۇم قىلىدۇكى، ئۇلار مىللىي مەسىلە ئۈستىدە گەپ سېتىپ، بىز- نىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قا- رىمۇ قارشىلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى، شىنجاڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ئائى- لىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قەبىھ نىيىتى.

مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىسىدە مەملىكىتىمىزدىكى رېئال مىللىي باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىگە ئاشكارا ھۇجۇم قىلىش جەزمەن ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق قىلىش مۇقەررەر ھالدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئاگاھلىق ھالدا قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە باشقا دۈشمەن كۈچلەر نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە مۇنازىرە قىلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلىدىن -- «ئە- مەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» مەۋجۇتمۇ - قانداق دېگەن مەسىلىدىن شۇنىڭدەك بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مۇجمەل تونۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ- زاقتىن بۇيان، ھەدەپ ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلاپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشقا ئورۇنۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق- نىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدىيىنى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر.

بىر قىسىم يولداشلار «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دېگەندە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە تارىختىن قېپقالغان پەرق كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلە ئەسلىدە ئىلمىي مەسى- لىسى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا ئوخشاش بولمىغان چۈشەن- چىلەرنىڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن مۇنازىرىلىشىش نورمال ئەھۋال. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا بەزى كىشىلەرنىڭ «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭ- سىزلىك» نى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە تەكىتلىشىنى ئىلمىي - نەزەرىيە نۇقتىئىنەزەرى دېيىش تەس. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر

گېپى بىر: ئۇ بولسىمۇ «مىللىي باراۋەرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك مەۋجۇت، شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسقا ئىگە ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار ئىچىدە يەنە بەزى كىشىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك»نىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىكەن، بۇ ھال ھازىرقى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ قانۇن جەھەتتىكى ۋە شەكىل جەھەتتىكىلا باراۋەرلىك ئىكەنلىكىنى، ھەتتا كۆرۈنۈشتىكى، ساختا باراۋەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» مەۋجۇتمۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دېگەننى باھانە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى ئىنكار قىلغانلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە بىز بەزى كىشىلەرنىڭ «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» كە قىزىقىپ كېتىشتىكى ھەقىقىي غەرىزىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. نورمال ئىلمىي مۇھاكىمىدە، نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، تولۇق ئەركىنلىك يولغا قويۇلۇشى كېرەك. ئەمما ئىلمىي مۇھاكىمىدىن، نەزەرىيە جەھەتتىكى تالاش - تارتىشتىن پايدىلىنىپ سىياسىي جەھەتتە گەپ سېتىپ، كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ.

«مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» بىلەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش» دېگەن سۆز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن. ستالىن بۇ سۆزنى 1917 - يىلدىن 1923 - يىلغىچە، يەنى سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە كۆپرەك ئىشلەتكەن، ستالىننىڭ تەتبىق قىلىشى بويىچە چۈشەنگەندە، «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دېگەن سۆزدە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تۈرلۈك چەكلىمىلەرنىڭ شەكىللەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، سىياسەتتە، قانۇندا بېرىلگەن باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن ئىلغار مىللەتلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولالمىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە نەزەرىيەساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن

بىردەك. ئەمما ئىختىلاپ ئوبيېكتىپ جەھەتتە شەكىللىنىپ قالغان، بىر مىللەتنىڭ باراۋەر ھوقۇقتىن باشقا بىر مىللەتكە ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشىنى چەكلەپ تۇرغان، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پەرق، يەنى تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى ئارىلىق ياكى پەرق زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن مەسىلىدىلا. مېنىڭچە، بۇ يەردە ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار. بىرى تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى ئارىلىق ياكى پەرق سوتسىيالىزم شارائىتىدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنامدۇ، يوق دېگەن مەسىلە. بۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئارىلىق ياكى پەرق مەسىلىسى سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا مۇھاكىمە قىلىنسا، ئۇنى «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دەپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقى تەبىئىي؛ يەنە بىرى بەزى يولداشلارنىڭ «مىللىي پەرق» نى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دەۋالىغانلىقى. بۇ تېخىمۇ نامۇۋاپىق. «مىللىي پەرق» ئالاھىدە مەنىگە ئىگە، ئۇنىڭدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەكىللەنگەندىن كېيىنكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ، بەلگىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، بۇ ئوخشىماسلىقلارنىڭ مىللەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان قىلىپ قويغانلىقى، مەسىلەن، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا، ئوخشاش بولمىغان تىل-يېزىققا، ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ-ئادەتكە، ئوخشاش بولمىغان مىللىي روھىي ھالەتكە ئىگە قىلىپ قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەرگىز «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» ئەمەس، بەلكى مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىك.

مەملىكىتىمىزدىكى شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى بىلدۈرىدىكى، بىزنىڭ مىللەتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى ۋە ئېتىراپ قىلىدۇكى، مەملىكىتىمىزدە، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق مەۋجۇت. ئەمما بۇنداق پەرق ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقتىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشنى چەكلىگۈدەك دەرىجىدە چوڭىيىپ كەتكىنى يوق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا، مىللىي زۇلۇمنىڭ، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ يوقىتىلىشىغا، مىللىي كەمسىتىش، قارىمۇ قارشىلىق مەنبەسىنىڭ

تۈپتىن تۈگىتىلىشىگە ئەگىشىپلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر يۈرۈش سىياسەت، تۈزۈم ۋە قانۇنلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىگە ئەگىشىپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى مىسلىسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتى، تەرەققىيات سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. بىز دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقنىڭ «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» توغرىسىدىكى سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى رېئاللىقلىرىنى زورۇقۇپراق ئەكس ئەتتۈرەلىگەن بولساق، ئۇ سۆز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ رېئاللىقىغا بارغانسېرى ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر بىز ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىزدە «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» مەۋجۇت ئەمەس، بۇنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسى دېيىش كېرەك.

## 4. شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسى توغرىسىدا

بىزنىڭ شىنجاڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. مىللىي خىزمەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئىقتىسادىي خىزمەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسىگە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش. ئۇلار ئىچىدە بەزى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكتىن بەزى مەسىلىلەرنى ۋاقىتنىچە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماسلىقىمۇ چۈشىنىشلىك. ئەمما مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بەزى كىشىلەر «مىللەت مەنپەئەتى» نى ھىمايە قىلىش نىقابى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ گەپ ساتىدۇ، ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىنتايىن زەھەرلىك. مەسىلەن ئۇلار: «شىنجاڭنىڭ نېفىتى شەرققە ئېقىۋاتىدۇ، پاختىسى توشۇلۇۋاتىدۇ»، «شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ماددىي ئەشيا

كۆپ، شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنگەن ماددىي ئەشيا ئاز» دېيىشمەكتە، ھەتتا «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى قېزىپ توشۇپ كېتىشكە يول قويماسلىق كېرەك»، «دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىينەزەرلەرنى تارقاتتى. بۇنى تازىلاش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ بايلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، شىنجاڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ بايلىقى دۆلەتنىڭ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 1 - باپ 9 - ماددىسىدا: «كان بايلىقى سۇ، ئورمان، تاغ، يايلاق، بوز يەر، سايلىق يەر قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار دۆلەت مۈلكى يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلكى بولىدۇ؛ قانۇندا كوللېكتىپ مۈلكى دەپ بەلگىلەنگەن ئورمان ۋە تاغ، يايلاق، بوز يەر، سايلىق يەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، شىنجاڭنىڭ بايلىقى مەلۇم بىر مىللەتكە ياكى مەلۇم بىر رايونغا خاس بايلىق بولماستىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بايلىقىغا ئوخشاش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مۈلكى. دۆلەت پۈتۈن خەلقنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە يەرنىڭ بايلىقىنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئاچىدۇ، ئىشلىتىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە يوللۇق ئىش، بۇنداق قىلىش ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى قېزىپ توشۇپ كېتىشكە يول قويماسلىق كېرەك»، «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى»گە قارشى تۇرۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش مەسىلەۋە نۇقتىئىينەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تامامەن خاتا. بۇنداق نۇقتىئىينەزەردىكىلەر ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان كىشىلەر ۋە تازا گالۋاڭ كىشىلەر. كەڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش جەريانىدا ئېچىش بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ ئوبدان ھەل قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدىلا گەۋدىلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن چەتلىگەندە، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىدە گەپ ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس،

شىنجاڭنىڭ بەزى ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنىلا تالاغا ئېلىپ، ئىچكى جايلاردىن ئۇرغۇن ماددىي ئەشيالارنىڭ ئېلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالماسلىقنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. 40 يىلدىن بۇيان، ئىچكى جايلاردىن ئۇرغۇن ماددىي ئەشيا، ئۇسكۇنىلەر كەلتۈرۈلگەنلىكى، دۆلەت شىنجاڭغا غايەت زور مەبلەغ سالغانلىقى ۋە ئۇرغۇنلىغان ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، شىنجاڭدا تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان، خېلى پۇختا تېخنىكا ئاساسىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى قۇرۇلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە لازىم بولىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ئىچكى جايلاردىن كەلتۈرۈلەتتى. ھازىر شىنجاڭ مەلۇم كۆلەمدىكى سانائەتكە ئىگە بولدى، ئۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە ئۆزىنى قىسمەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى، دۆلەتنىڭ كۆپلەپ يۆتكەپ بېرىشىگە مۇھتاج بولمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن يۆتكەپ كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقى ھېلىمۇ ئىچكى جايلاردىن كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان بەش خىل مېتال، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 70% ىدە، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 40% ىدە، پولات ماتېرىياللىنىڭ 70% تىن ئارتۇقراقىدا، ئاليۇمىنىدىن باشقا رەڭلىك مېتال بۇيۇملارنىڭ 100% ىدە، خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىنىڭ 90% ىدە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئۇسكۇنىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا يەنىلا ئىچكى جايلارغا يۆلىنىۋاتىمىز.

سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن نەرسىلەر بەك ئاز. نېفىتنى ئېلىپ ئېيتساق، 40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 88 مىليون 900 مىڭ توننا بولۇپ، ئىچكى جايلارغا يۆتكەپ بېرىلگىنى جەمئىي 28 مىليون 500 مىڭ توننا، دېمەك، ئېلىپ كېتىلگىنى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ ئاران 32% تىن ئارتۇقراقىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇ شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىتنىڭ 3 تىن 2 قىسمىنى يەنىلا ئۆزىمىز ئىشلەتتۇق دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، ئىچكى جايلارغا توشۇلغان پاختا ئادەتتە ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنىلا، ئىچكى جايلارغا توشۇلغان كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي كۆمۈر مىقدارىنىڭ 10 دىن 1 قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سانلار شۇنى

كۆچلۈك تۈردە كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، «شىنجاڭنىڭ بايلىقى سىرتقا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ» دېيىش ئىشنىڭ كىچىككىنە تەرىپىنىلا كۆرگەنلىك، چوڭ تەرىپىدىن كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ماددىي ئەشيا ھەم كىرىۋاتىدۇ، ھەم چىقىۋاتىدۇ، كىرگىنى چىققىنىدىن كۆپ بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق دېيىشلا راستچىللىق بىلەن گەپ قىلغانلىق بولىدۇ. شىنجاڭدا «سىرتقا ئاققۇدەك» ماددىي ئەشيانىڭ بولغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئىش دېيىش كېرەك.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلاردىكى ئۆلكە ـ شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ھەم ئۆز ئارا مەدەت بېرىش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋىتى، ھەم ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندۇرۇلغان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ بەزى نەرسىلەرنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىمىز ھەم دۆلەتكە قوشقان تۆھپىمىز ۋە بەرگەن ياردىمىمىز بولىدۇ، ھەم تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە شىنجاڭنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ياكى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدىغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. «سىرتقا ئېقىپ كېتەلەيدىغان» نەرسە قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان نەرسە شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ بەزى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ھالەتتىن ئىشلەپچىقىرالايدىغان ھالەتكە يەتكەنلىكى، ئۆزىلا ئىستېمال قىلىدىغان ھالەتتىن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىپ سىرتقا يۆتكەيدىغان ھالەتكە يەتكەنلىكى دەل ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى زامان ئىگىلىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى يەنە تەرەققىي قىلسىمۇ، ھەممىلا نەرسىنى شىنجاڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆزىلا ئىشلىتىپ كېتەلمەيدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەملىكەت ئىچىدە سوتسىيالىستىك چوڭ ھەمكارلىقنى ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشقا ھەمدە شىنجاڭنى دۇنياۋى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىمىز ماھىرلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرالايدىغان نەرسىلەرنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىمىزدە قىس بولغان ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقى» دىن ئەمەس، يۆتكەپ بېرىشكە بولىدىغان نەرسىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك

بولمايۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەنپەئەتى تامامەن بىر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى ئېچىشقا، چەككىلەشكە كېتىدىغان مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، دۆلەت باج كىرىمىنىڭ 30% ىنى شىنجاڭغا بەردى. مەركەز ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيىسى باش زاۋۇتىدىن ئېلىنىدىغان باجنىڭ 50% ىنى ئۆزى ئېلىش، 50% ىنى شىنجاڭغا بېرىشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. پايدا ۋە باج كىرىمىدىن دۆلەتنىڭ ئېلىپ كەتكىنى دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىلغان چىقىمىنى قاپلاشتىن نىھايىتى يىراق. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1953 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا مىللىي دارامەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 130 مىليارد 740 مىليون يۈەن بولغان، مىللىي دارامەتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى بولسا 169 مىليارد 190 مىليون يۈەن بولغان. دېمەك، 35 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچكى جايلاردىن 38 مىليارد 450 مىليون يۈەن مىللىي دارامەت ئېلىپ كېلىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن. مەھسۇلات باھاسىغا كەلسەك، مەملىكىتىمىز خام ئەشيا - ماتېرىيال باھاسىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشىدا ئالاقىدار تولدۇرما، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى رول ئويناماقتا. دۆلەت شىنجاڭغا ماددىي ئەشيا كىرگۈزۈشتە كۆپ يىلدىن بۇيان باھا تولدۇرمىسى بېرىش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى، شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار-نىڭ كۆپىنچىسىنى بولسا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچىدىكى باھادىن يۇقىرى باھا بىلەن چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرمۇنچە سىياسەتلەر جەھەتتىن تولدۇرما بەردى. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ 80% ىنى دۆلەت چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت يەنە ھەر يىلى 50 مىليون يۈەن زىيان تولدۇرمىسى بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا چىقىرىلىدىغان كۆمۈر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىچكى باھادىن يۇقىرى باھا بىلەن سېتىلىۋاتىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە تولدۇرما بېرىشتىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايونىمىزغا جەمئىي 27 مىليارد يۈەن مالىيە تولدۇرمىسى بەردى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 60% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ پاكىتلار «تالان-تاراج قىلىندۇق»، «زىيان تارتتۇق» دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.

## 5. مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

دۇنيانىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى تارىخى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، جاھانگىرلار، كونا-يېڭى مۇستەملىكىچىلەر باشقا مەملىكەتكە تاجاۋۇز قىلىشتا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللىي مەسىلىنى قوزغاشتا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشتا ھامان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ئۈستىدە خىلمۇ خىل ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكىرلىرىنى پەيدا قىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىك ئارقىلىق يول ئاچىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتلىرىمۇ تارىخىي مەدەنىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى كۆرۈنەرلىك ۋە مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئېتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا، ماركسىزملىق تارىخ قارىشىدا ۋە ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خىلمۇ خىل سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ خىلمۇ خىل تارىخىي مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن ئېنىق چەك ئايرىش، شىنجاڭدا بولسا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت قارىشى بىلەن ئالاھىدە ئېنىق چەك ئايرىش ھازىرقى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. مېنىڭچە، ئالدى بىلەن مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم:

بىرىنچى، جۇڭخۇا مىللىتى 56 قېرىنداش ئەزانىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ھاسىل بولغان چوڭ ئائىلە. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيىتىنى ھەممە مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەممە مىللەت ئۆزىنىڭ خاس مىللىي مەدەنىيىتى ئارقىلىق بېيىتقان،

دېمەك، ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى «كۆپ مەنبە - بىر گەۋدە» مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بۇ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان. مەملىكىتىمىزدىكى بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر چېگرا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تارىختا ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن ياكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تىل ۋەدىن جەھەتتىكى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە قوشنا دۆلەت، قوشنا رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ماركسىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلىرىدە بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئەمما بۇ بۇرژۇئازىيە، مۇستەملىكىچىلەر ۋە يېقىنقى يىللاردا مەملىكەت ئىچىدە ۋە چەت ئەللەردە قۇتراپ يۈرگەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەدەپ بازارغا سالغان، دىن ياكى تىل بەلگىلەيدۇ دەيدىغان ئاتالمىش «تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى»، «تۈركىي ئورتاق مەدەنىيەت»، «ئىسلام مەدەنىيىتى ئورتاق گەۋدىسى» قاتارلىق سەپسەتىلەرگە ئەسلا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنى ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشىدىن، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدىن شۇنىڭدەك تارىختا ئۆتكەن سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق جەمئىيەتلىرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ سىنىپىيلىكىدىن ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئىدېئولوگىيە ئانتاگونىيىسىدىن ئىبارەت بىر تەرەپتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىكەنمىز، سەگەك ماركسىزمچى ئەمەس بولۇپ قالىمىز.

ئىككىنچى، ھەر قانداق مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ كونا مەدەنىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئەمەلىيەتتە، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قارىتا بۇرژۇئازچە

ئەركىنلەشتۈرگۈچى ئۇنسۇرلارنىڭ تەرغىب قىلغىنىدەك تارىخىي ئىنكارچىلىق ۋە مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا، ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا، ئۆزىنى ھەقىر چاغلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ مىللەت ئەلاچىلىرىغا ئوخشاش قەدىمكىنى ھازىرقىغا تەتبىق قىلىپ، قەدىمكىلەرنىڭ تاپىنىغا تاۋاپ قىلىپ، قارىسىغىلا ماختىنىۋېرىشكە، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ھەم بولمايدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە راستچىللىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، تەتقىقات ئېلىپبېرىش ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش، قوپاللىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۇل جەريان. بىزنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز تېخى يېتەرلىك بولمىدى، يەنە ئۇزاققىچە تىرىششىمىز لازىم. بۇ ماركسىزمنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماي، قاتتىق ئىلمىي پوزىتسىيىگە ۋە تەتقىقات ئىستىلىغا ئىگە بولۇشنى، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە غايەت زور تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە شىجائەتكە ئىگە بولۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتنى مەدھىيىلەشنى ۋە ئېسىل مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىزدا تەنقىد قىلىش ئاساسىدا ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا ۋارىسلىق قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بەزى كىشىلەر تەرغىب قىلغان ئاتالمىش «ئەنئەنىگە قايتىش»، «قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى» ۋە-ھاكازالارغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە يولداش ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىنى — مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش، قەدىمكىلەرنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش قائىدىسىنى ئىزچىل تۈردە ئېسىمىزدە تۇتۇش-مىز تۇتۇشىمىز ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئىنسانلار مەدەنىيىتى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۆزگەرمەي تۇرىۋېرىدىغان «ساپ» مىللىي مەدەنىيەت مەۋجۇت ئەمەس. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزى

نى بېيىتىشنى رەت قىلىش ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا باسماي توختاپ قېلىشىغا ھەتتا قاتماللىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەملىكىتىمىزگە ئوخشاش كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە ھەممە مىللەتنىڭ تارىختا بىر-بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى كۆرۈنەرلىك بولغانىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئورتاق سىياسىي غايە ۋە ئورتاق تەرەققىيات نىشانى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەلەپ قىلغان «تۆتتە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىبارەت بىر پۈتۈن ۋەزىپە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيىتىنى كۈندىن كۈنگە يېقىندىن ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇش ۋە يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقتا ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئايلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشتا بولسۇن، مەيلى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە بولسۇن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى بىلەن پۈتكۈل جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ، سوتسىيالىستىك پۈتكۈل مەدەنىيەتنىڭ ئورتاقلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر بۇ ئورتاقلىقنى جېنىنىڭ بىردىنە يوققا چىقىرىۋاتقان ۋە ئىنكار قىلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن بىردەك بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى دەلىللەش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 5 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

# ماركسىزمنىڭ دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى

تاڭ شىن

(1)

ماركسىزمنىڭ دىن قارىشى ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسەتنى بەلگىلەشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ماركسىزمنىڭ دىن قارىشى بىلەن ئېلىمىزنىڭ دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى كونكرېت ئەمەلىيىتى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل، مۇكەممەل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىگىلەش زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون. مەملىكەت بويىچە هازىرقى دىنلاردىن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى (جۇملىدىن لاما دىنى)، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، داۋجياۋ (تەرىقەتچىلىك) قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىمۇ مەۋجۇت ۋە نۇرغۇن ئېتىقادچىلارغا ئىگە. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن؛ موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خەلقنىڭمۇ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنى ۋە

لاما دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدا دىننىڭ مىللىيلىكى، ئاممىۋىلىقى ۋە خەلقئارالىقى بەكمۇ گەۋدىلىك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشى خەلق ئاممىسىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ھۆرمەت قىلغانلىق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنىڭ، تۈزۈش - ياخشىلاشنىڭ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكەنلىك بولۇپلا قالماي، خەلقئارا ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

شىنجاڭ ئازاد بولغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنى پەيدىنپەي تىكلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى، دىنىي خىزمەتتە زور نەتىجە قازىنىلدى. شۇڭا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىدە ئاجىز ھالقىلارمۇ مەۋجۇت، دىنىي باشقۇرۇش جەھەتتە كونترول قىلالماسلىق مەسىلىسى ساقلانماقتا. بولۇپمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىي مەسىلە ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش نۆۋەتتە دىنىي خىزمەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

(2)

ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئىدىيە جەھەتتىكى بىر ئىنقىلابى بولدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ دىننى تونۇش جەھەتتىكى تۇماننى ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ دىنغا بولغان تونۇشىنى ئىدېئالىستىك تارىخ قاراشتىن ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشقا باشلىدى.

دىن دېگەن نېمە؟ دىن ئىنسانلار بىلەن بىللە ۋۇجۇدقا كەلگەنمۇ ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئاندىن پەيدا بولغانمۇ؟ دىن ئىنسانلارنى ياراتقانمۇ ياكى ئىنسانلار دىننى ياراتقانمۇ؟ دېگەندەك ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا دۇنيا قارىشى ئوخشاش بولمىغان مۇتەپەككۇرلار ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدەنگەن ۋە مۇنازىرە قىلىشقان. كۆپلىگەن ئىدېئالىست مۇتەپەككۇرلار بۇ مەسىلىلەرنى ئىزچىل تەتقىق قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئىدېئالىستىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ۋە باشقا ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، «دۇنيانىڭ يارىتىلىش تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار تەبىئەتنىمۇ، ئىنسانلارنىمۇ «ئىلاھ» ياراتقان، ئادەمنىڭ ئۆزىدە بىر خىل تۇغما دىنىي ئاڭ ۋە ھېسسىيات بولىدۇ، دېمەك، دىن ئىنسانلار بىلەن بىللە پەيدا بولغان، دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىر خىل مەڭگۈلۈك ھادىسە دەپ قارىغان. مەسىلەن، نېمىس كلاسسىك ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى كانت: «خۇدا» ئالەمنىڭ «ئىپتىدائىي سەۋەبچىسى»، ئۇ يۈز مىليونلىغان يىللار بۇرۇن ماددىنى ياراتقان ۋە ماددىغا ئەركىنلىك بەخش ئەتكەن، ئاندىن ماددا ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە دۇنيا بولغان، ①دەيدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ «خۇدا» نى، «دۇنيانىڭ يارىتىلىش تەلىماتى» نى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئومۇملاشتۇرۇپ، دىننى ئەخلاق بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇ: «دىن ئەخلاقتۇر. ئەگەر بىز بارلىق ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىر خىل مۇقەددەس بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرەلىسەك، بىزدە دىن پەيدا بولىدۇ»② دەيدۇ. ئېلىمىز ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن شەرقىي جەنۇبىي داشۆنىڭ پروفېسسورى ياڭ شىڭفو: «دىننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى يوق، دىننىڭ مەنبەسى بار دېيىش دىنىي قاراش ئەمەس، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىن ئاسمان-زېمىن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان، بىرلا ۋاقىتتا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان»③ دەپ قارىغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش

تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن «ئىلاھ» مەۋجۇت، «ئىلاھ» ھەممىنى ياراتقان، دىن مەڭ-
گۈلۈكتۇر دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن مۇتەپەككۇرلار
ساناپ تۈگەتكۈسىز.

ماركسىزم دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ماتېرىيالىست پەيلاسوپلار «ئىلاھ»
مەۋجۇت ئەمەس دەپ، دىننىڭ ھەم ئەزەلدىن بار ئەمەسلىكىنى، ھەم مەڭگۈلۈك
ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، XVIII ئەسىردە ئۆتكەن فرانسۇز
ماتېرىيالىستى، ئاتېئىزمچىسى مېسلېر ۋە ھولباخلار «دۇنيانىڭ يارىتىلىش تەلى-
ماتى»غا قارشى تۇرغان. مېسلېر: «ماددا پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتتۇر، ئۇ ئۆزىگە
تايىنىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ»، «بۇ پرىنسىپ دۇنيانىڭ
يارىتىلىشى تەلىماتىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىق، زىددىيەت ۋە خاتالىقلارنى
دەرھال تۈگىتىش بىلەنلا قالماي، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى
بىلىشنىڭ ۋە بۇ شەيئىلەرنى فىزىكىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە چۈشەندۈرۈشنىڭ
ئۇدۇل يولىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ» ④ دەپ قارىغان. ھولباخ بولسا: «ئىلاھ
يوقلۇقتىن دۇنيانى ياراتقان دېيىش قىلچە ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق گەپ»⑤دېگەن.
دىننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا نېمىس ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى
فېيېرباخ: «دىن ئادەمنى ياراتقان ئەمەس، ئادەم دىننى ياراتقان» دەپ كۆر-
سەتكەن. ئۇ يەنە گېدىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «كىمدە پەن بولسا، ئۇ
دىنغا مۇھتاج بولمايدۇ»⑥ دېگەن. بۇ ماركسىزملىق پەلسەپە مەيدانغا كېلىشتىن
ئىلگىرىكى ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ دىننى توغرا تونۇشى
ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور تۆھپىسى ئىدى. لېكىن فېيېرباخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېچقايسىسى دىننىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي شەرت-
لەرنى ئېنىق چۈشەنمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە
نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ليۇدۋىگ فېيېر-
باخنىڭ تېنىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى (تەبىئەت قارىشى) ماتېرىيالىزملىق، يۇقىرىقى
يېرىمى (جەمئىيەت قارىشى) ئىدېئالىزملىقتۇر» دەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ دىن توغرىسىدا تونۇشى جەھەتتە، ئىدېئالىستىك پەيلا-
سوپلار كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلىغان؛ ماركسىزم دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى
ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلار بەزى توغرا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان
بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي بىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، دىن
مەسىلىسىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، ئىلمىي دىن قارىشى سىستېمىسىنى بەرپا

قىلىش ۋەزىپىسى تارىخىي يوسۇندا ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئالدىنقىلارنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى تونۇشلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن، دىننىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي مەنبەنى ۋە بىلىش مەنبەسىنى كەڭ، چوڭقۇر تەتقىق قىلدى؛ دىننىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلدى؛ دىننىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، بولۇپمۇ ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن بويانقى ئىجتىمائىي رولىنى تەكشۈردى؛ دىن مەسىلىسى جەھەتتىكى تۈرلۈك خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىپ، ماركسىزمنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؛ ئىشچىلار سىنىپىي پارتىيىسىنىڭ دىنغا مۇئامىلە قىلىشتىكى سىياسەت - پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بەردى، شۇ ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ ئىلمىي، مۇكەممەل دىن قارىشىنى بەرپا قىلىپ، ماركسىزمنىڭ دىنشۇناسلىق سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېڭى جەھەتتىكى ئىنقىلاب بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دىننى بىلىشىدىكى يېڭى دەۋرنى ئاچتى.

(3)

ماركسىزمنىڭ دىن قارىشى ئايرىلماس، ئورگانىك باغلانغان ئۈچ تۈپ نۇقتىئىينەزەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ تۈپ نۇقتىئىنەزەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، دىن ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، ئادەم ياراتقان

ماركسىزم دىننىڭ پەيدا بولۇشىدا مەلۇم ئىجتىمائىي شەرت ۋە ئادەملەردىكى ئەقلىي شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلغان بولۇشى، كىشىلەردە شۇنىڭغا يارىشا ئەڭ دەسلەپكى پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئاڭ پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىرى بولغان دىنىي ئاڭمۇ پەيدا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇ شەرتلەر ھازىرلانمىغان. ئېنگېلس «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ

روھى» دېگەن ئەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ ئوتتۇرا يېڭى دەۋرىدىن يۇقىرىقى يېڭى دەۋر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 14 مىليون يىل بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئانتروپولوگلار ئىنسانلاردا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بۇ شەرتلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جاھالەت دەۋرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلانغانلىقىنى، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ مىليون يىلدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان. ماركسىزم مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، دىن ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن بىللە پەيدا بولمىغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ جاھالەت دەۋرىدە پەيدا بولغان، دەپ قارايدۇ.

جاھالەت دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئىپتىدائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرغان بولسىمۇ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ياكى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاش ياكى كالتەك بىلەن ئوزۇق تۇپلاشنى ۋە مۇداپىئەلىنىشنى بىلگەن، ئۆزىنى چۈشىنىشكە ۋە ئابستراكت پىكىر قىلىشقا باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئۇلاردا ئۆزى ۋە تاشقى شەيئىلەر توغرىسىدا ئاڭ فورماتسىيىسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنكاس پەيدا بولغان. لېكىن كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئىپتىدائىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغان، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ خۇددى ئېنگېلسنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە توغرا كۆرسىتىلگەندەك «بارلىق دىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت، بۇنداق ئىنكاستا، يەنى دۇنيادىن تاشقىرىقى كۈچ شەكلىنى قوللانغان. تارىخنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ئالدى بىلەن تەبىئەت كۈچى مۇشۇنداق ئىنكاسقا ئېرىشكەن». لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن، تەپەككۇر تازا تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى توغرىسىدىكى ئىنكاسى خىيالىي، خاتا بولغان. «تەبىئەت كۈچى كىشىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، دەسلەپكى ئىلاھ پەيدا بولغان»⑦. دېمەك «كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى

تاشقىي تەبىئەت توغرىسىدىكى خاتا، ئىپتىدائىي ئېڭىدا پەيدا بولغان»⑧. مانا بۇ دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيۋى ئاڭنىڭ مەنبەسى.

ئىنسانلار جەمئىيىتى مەدەنىيەت دەۋرىگە، يەنى جاھالەت دەۋرىدىن، ياۋايىلىق دەۋرىدىن كېيىنكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ 3 - دەۋرىگە كىرگەن. بۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ باشلانغانلىقى بولدى. بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەنبە ئىجتىمائىي مەنبەدىن ئىبارەت بولدى. ئېزىلگۈچى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى خەلق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك سىياسىي زۇلمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغاچقا، «ئاددىي ئەمگەكچىلەر ھەر قانداق ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەلەر — مەسىلەن، ئۇرۇش، يەر تەۋرەش ۋەھاكازالار — كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتنىڭ ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىقىدىنمۇ مىڭ ھەسسە ئېغىر بولغان تەلۋە كۈچكە دۇچ كەلگەندە، گويا قىلچە ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان»⑨. ئىنسانلار دەسلەپتە بۇنداق ئىجتىمائىي كۈچنىمۇ تەبىئەت كۈچلىرىگە ئوخشاش غەيرى كۈچ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى بىلەلمىگەن، چۈشەندۈرەلمىگەن، «ئىلاھىي كۈچ» دەپ چۈشەنگەن. نەتىجىدە بۇ كۈچمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر خىل تاشقىي كۈچ بولۇپ قالغان. دىن دەسلەپتە تەبىئەتنىڭ سىرلىق كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا ئىجتىمائىي كۈچنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىيال بولۇپ، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئېرىشتى. مانا بۇ دىنىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ ئۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى.

دىن بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئاڭ ھادىسىسى سۈپىتىدە باشقا ئىجتىمائىي ئاڭغا ئوخشاش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن. جاھالەت دەۋرىدە پەيدا بولۇپ ياۋايىلىق دەۋرىدە يېتىلگەن قەبىلە دىنىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتتىكى مىللەت دىنىمۇ كۆپ ئىلاھلىق دىنلار ئىدى، چۈشىنىلمىگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئىلاھ» بولۇپ قالغانىدى. «دىنىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئىلاھلار بارغانسېرى دۇنيادىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئوبرازغا ئىگە بولدى، ئاخىر ئەقلىي

ئىقتىدار (ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى — ئاپتوردىن) نىڭ تەرەققىياتىدا تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ ئابستراكسىيىلىشىش جەريانى — دەستلەش جەريانى دېيىش مۇمكىن — قوۋپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە، ئازدۇر-كۆپدۇر چەكلەنگەن ۋە بىر-بىرىنى چەكلىگەن بىرمۇنچە ئىلاھ ئىچىدىن بىر ئىلاھلىق دىنىدىن ئىبارەت بىردىنبىر ئاڭ پەيدا بولدى»⑩. شۇنىڭ بىلەن بىر ئىلاھلىق دىن پەيدا بولدى. دۇنيادىكى ھازىرقى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە تەدرىجىي ھالدا كۆپ ئىلاھلىق دىنىنىڭ ئورنىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى چوڭ-چوڭ كىتابلارغا، زور تەشكىلاتلارغا، قاتتىق ئەمىر-مەرۇپلارغا ۋە بىر يۈرۈش پائالىيەت ئۇسۇللىرىغا ئېرىشتى ۋە بۇ دىنلار ئىچىدە بىرمۇنچە مەزھەبلەر ئۆزگەردى ۋە ئايرىلىپ چىقتى.

دىنىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولۇشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆزگىرىش ياسىشى توغرىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان بايانلار دىنىنىڭ ئىنسانلار بىلەن بىللە پەيدا بولمىغانلىقىنى، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

### ئىككىنچى، دىن — ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش، خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن

دىندىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ رېئاللىقتىن، يانى دۇنيادىن تاشقىرى، ھېچنېمىگە ئىقتىدارى يەتمەيدىغان، ھېچ يەردە بولمىغان «ئىلاھ» (خۇدا) توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىدۇر. ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ، پەلسەپە، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق ھەممە ئاڭ شەكىللىرىگە ئوخشاش كىشىلەر مېڭىسىنىڭ تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. لېكىن دىن تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي كۈچنىڭ بىر خىل خىيالىي، بۇرمىلانغان ئىنكاسى، شۇڭا ئۇ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراشتۇر.

ماركس دىنىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق مەشھۇر سۆزنى قىلغان: «ئادەم ئابستراكت ھالدا دۇنيانىڭ سىرتىدا ياشايدىغان نەرسە ئەمەس. ئادەم-ئادەمنىڭ دۇنياسىدۇر. دۆلەتتۇر،

جەمئىيەتتۇر. دۆلەت، جەمئىيەت دىننى يەنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيانى پەيدا قىلغان. چۈنكى ئۇلار (دۆلەت، جەمئىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئاپتور) نىڭ ئۆزى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراشتۇر»⑪. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، دۆلەتنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ ئەسلىدە ئىنسانلار ئەمگەك جەريانىدا ياراتقان، لېكىن تۇرلۇك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر بولسا ئەمگەك قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ — دۆلەتكە، جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، زۇلمىغا ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، مانا بۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيادۇر. كىشىلەر مۇشۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيادا ياشاۋېتىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش ئالدىدا، ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئالالمايۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بېسىپ چۈشىدىغان مەلۇم كۈچكە يالۋۇرۇپ، ئۇنى ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن تايانچ ۋە مەنىۋى تەسەللى، پانا قىلىدىغان بولغان. ماركس «دىن — ئۆزلىرىگە تېخى ئىگە بولالمىغان ياكى ئۆزلىرىنى قايتا يوقاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئېڭى ۋە ئۆز سەزگۈسىدۇر»⑫ دېگىنىدەك مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان. مۇشۇنداق ئۆزىدىكى ئاڭ، ئۆزىدىكى سەزگۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراشتۇر، يەنى دىننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار چاڭگىلىدىكى دۆلەت، جەمئىيەت بۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراشنى ئېتىراپ قىلىش، كۆككە كۆتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيانىڭ باش نەزەرىيىسى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پروگراممىسى، ئەخلاق جەھەتتىكى يادرو ۋە مىزان، ئەمگەكچىلەرگە تەسەللىي بېرىشنىڭ ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاقلاشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى قىلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن دىننىڭ ماھىيىتى تولۇق ئاشكارىلانغان. دىنىنىڭ تەشكىلى، رەسمىيەتلىرى. قائىدىلىرى ۋەھاكازالار بولسا ئۇنىڭ تاشقىي شەكلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېنگېلس: «دىن، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئادەمنى ۋە تەبىئەتنى پۈتۈن مەزمۇنىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى ئۇ ئالەمنىڭ ئىلاھىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن خىيالىي مەنزىرە بولۇپ، ئاندىن ئۇ ئالەمنىڭ ئىلاھى ئالاھىدە مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ، بىر قىسىم ئىلتىپاتنى ئادەمگە ۋە تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئالەمنىڭ خىيالىي مەنزىرىسىگە بولغان ئېتىقاد كۈچلۈك، ئەسەبىي بولغاندىلا، ئادەملەر بۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئايلانما چارە بىلەن بەزى مەزمۇنغا ئېرىشەلەيدۇ»⑬ دەيدۇ.

دىن بىر خىل ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ سۈپىتىدە ھەممە مەملىكەتتە بولىدۇ. دىن جاھالەت دەۋرىدە پەيدا بولغاندىن بۇيان، قەبىلە دىنى شەكىللەنگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. دۇنيادىكى ھازىرقى ئۈچ چوڭ دىننى ئالساق، بۇددا دىنى تەخمىنەن 2500 يىل، خىرىستىيان دىنى 2000 يىلغا يېقىن، ئىسلام دىنىمۇ 1400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئىپتىدائىي دىندىن ئۈچ چوڭ دىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن ئۇنىڭدا ھەر قانچە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى، يەنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قارىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. مەسىلەن، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغان «دۇنيانىڭ يارىتىلىش تەلىماتى» نىڭ ئادەمنىمۇ، تەبىئەتنىمۇ تەڭدىشى يوق «ئىلاھ» — «خۇدا»، «ئاللا» ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى شۇلار ئورۇنلاشتۇرغان، دەيدىغان قارىشىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى.

دىننىڭ بۇ خىل ماھىيىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى بەلگىلىگەن. مەيلى «دۇنيانىڭ يارىتىلىش تەلىماتى» بولسۇن، مەيلى «تەقدىرچىلىك»، «ئاخىرەت تەلىماتى» بولسۇن، ھەممىسى كىشىلەردىن «ئىلاھ» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مۇتلەق بويسۇنۇشنى، ھازىرقى ھالىتىگە شۈكرى قىلىشنى، تەقدىرگە تەن بېرىشنى، ئىتائەتمەن بولۇشنى، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار «قورقۇنچاق، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، خورلۇققا تەن بېرىدىغان، ئىتائەتچان ـ مۇلايىم بولۇشنى مەدھىيىلەيدۇ، نادان خەلقنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ»⑭. شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى زەھەرلەش رولىنى ئوينىماقتا. شۇڭا ماركس: «دىن خەلق ئۈچۈن ئەپيۇندۇر»⑮ دەپ دەل جايىدا كۆرسەتكەن. لېنىن: «دىن خەلقنى مەس قىلىدىغان ئەپيۇن — ماركسنىڭ بۇ بىر جۈملە مەشھۇر سۆزى ماركسىزمنىڭ دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى پۈتكۈل دۇنيا قارىشىنىڭ ھۇل تېشى»⑯ دەپ قارىغان. دىن ئەپيۇنغا ئوخشاش خەلقنى مەس قىلىش رولىنى ئوينايدىغان بولغاچقا، سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، جەمئىيەتلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممىسى دىندىن پايدىلىنىپ، خەلقنى زەھەرلەيدۇ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدۇ ھەم دىننى بارغانسېرى سىستېمىلاشتۇرۇپ، تەشكىللاتلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىننىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى،

شۇڭا «دىنىنىڭ خەلق ئۈچۈن ئەپيۇن» بولۇشىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولى-
نىڭمۇ ۋاقتى ئۆتمىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ۋە چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە مەملىكىتىمىز
سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە كومپارتىيىگە،
جۇڭگوغا، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا، ھەم-
مىسىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقى ھەم بەزى ئادەملەرنىڭ
ئالدانغانلىقى دىنىنىڭ يەنىلا مەس قىلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ كۈچلۈك
دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز روشەن ھالدا مەردانىلىك بىلەن قەتئىي تەۋرەنمەي،
«دىن خەلق ئۈچۈن ئەپيۇندۇر» دېيىدىغان نۇقتىئىينەزەردە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە
ئۇنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ،
كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىدىيىسى كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىدۇ، دىن ئاخىر ئۆزلۈكى-
دىن يوقىلىدۇ.

ماركسىزم شۇنداق ھېسابلايدۇكى، دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي
قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە مەيدانغا كەلگەنىكەن، ئۇ يەنە ئىنسانىيەت
جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.
ماركس ۋە ئېنگېلسلار: «ئىنتايىن روشەنكى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھەر قېتىملىق
زور ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىدىيىسىدىمۇ ئۆزگىرىش
بولىدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىدىيىسىدىمۇ ئۆزگىرىش مەيدانغا كېلىدۇ»⑰،
«دىننى نەزەرىيە قىلغان، بۇرمىلانغان رېئاللىقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنمۇ
ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ»⑱ دەپ ئېنىق ئېيتقان. بۇ يەردە ماركسىزمنىڭ ئاساس-
چىلىرى ئىدېئالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ «دىن مەڭگۈلۈكتۇر» دېيىدىغان سەپسەتى-
سىگە دەلمۇ - دەل تاقابىل تۇرۇپ، دىنىنىڭ چوقۇم ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدىغانلى-
قىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى بول-
غىنىدەك، دىنىنىڭ يوقىلىشىمۇ ئەلۋەتتە شەرتسىز ئەمەس. ماركس «كاپىتال» نىڭ
بىرىنچى تومىدا دىنىنىڭ يوقىلىشىنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ مۇپەسسەل ھۆ-
كۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، دىنىنىڭ يوقىلىشىنىڭ شەرتلىرى
مۇنۇلار: بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئارقىلىق، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى تۈگىتىش، يەنى

پۈتۈن دۇنيادا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ تۈپ مەنبەسى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدۇر، بۇ خىل تۈزۈم يەنە كېلىپ، دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل دۇنيا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن قۇتۇلغاندىلا ئاندىن دىنىنىڭ يوقىلىشى رېئال مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكىدا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى مىسلىسىز كۈچەيتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خۇددى ئېنگېلس ئالدىن ئېيتقاندەك، «پەننىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىلەن (دىن) يىلدىن - يىلغا قورالسىزلىنىدۇ، ئۇنىڭ قورغانلىرى بىر - بىرلەپ تەسلىم بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرى تەبىئەتنىڭ چەكسىز قوينى پەن تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ، ياراتقۇچى ئۇنىڭ ئىچىدە پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك قىلچە جاي قالمايدۇ»⑲. بۇ چاغدا، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش بارلىق غەيرىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئادەمنىڭ تېزگىنلىشىدە بولىدۇ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش ئاساسى شۇنىڭ بىلەن بىللە تەدرىجىي ھالدا يوقىلىدۇ. ئۈچىنچى، ناھايىتى مول ماددىي شارائىت بولۇشى كېرەك. ئۇزۇن تارىخ ۋە رېئاللىقتا، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ۋە ئۆزگىرىپ بېرىشىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە تونۇش جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ماددىي ئەشيالارنىڭ كەم بولغانلىقى ياكى مول بولمىغانلىقى، تۇرمۇشنىڭ جاپالىق بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ «ئىلاھ»تىن بەخت تىلىگەنلىكى، ئۈمىدنى «جەننەت» ياكى «ئاخىرەت»كە باغلاپ قويغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ بار. ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشىغا، پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئىشنى پىلانلاشنىڭ ئادەمگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭمۇ ئادەمگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا بىلىپ يېتىدۇ، ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تازا كۆپەيتىپ، بەتامام بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولىدۇ،

«جەننەت» نى بۇ ئالەمدە قۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساس — ماددىي ئەشيالارنىڭ كەم بولۇشىدەك ئەھۋال يوقىلىدۇ. يوقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك تۈپ شەرت ھازىرلانغاندا، دىننىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ پۈتكۈل ئاساسى ۋە تۇپرىقى مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، دىننىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدىغان كۈنىمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، دىننىڭ يوقىلىشى ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندۇر. يوقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك تۈپ شەرت دۇنيا مىقياسىدا ھازىرلانغاندىلا، دىن ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىمۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ ۋە كىشىلەر ئىدىيەسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىمۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى باياشات بولۇشىمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىغان ئىش. شۇڭا دىننىڭ يوقىلىشى ئۈچۈنمۇ مۇقەررەر ھالدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋر كېرەك بولىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغان دۆلەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشى دىننىڭ يوقىلىشىنى پايدىلىق شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دىننىڭ يوقىلىشىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئاساسى يوقىتىلغان بولمايدۇ. چۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەش ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت مەلۇم دائىرىدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تارىختىن قېپقالغان دىنىي ئىدىيە كىشىلەرگە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى قايتا ئويلىساق، شۇنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىزكى، بۇ دۆلەتلەر، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، ھەتتا تەرەققىي قىلمىغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇنداق كونكرېت ئەھۋالىدا دىننىڭ يوقىلىشىدىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى ئۈچۈن يەنىلا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. بۇمۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىننىڭ يەنە ئۇزاق زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر.

ماركسىزمنىڭ دىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ دېگىنى ھەرگىز دىن تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، سوتسىيالىستىك دۆلەت دىننى سۈرۈشتۈرمىسىمۇ بولىدۇ، دىن جەھەتتە خىزمەت ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ، دىننىڭ يوقىلىشىدىكى شەرتلەرنى ياراتمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. دىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ دېيىشنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت ئۈچۈن مۇنداق ئىككى مەنىسى بار: بىرى. سوتسىيالىستىك دۆلەت دىننى ھەرگىز زورلۇق كۈچ بىلەن يوقاتماسلىقى، شۇنداقلا مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىققا زورلىماسلىقى، بەلكى دىننىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم دېگەندىن ئىبارەت. يەنە بىرى، سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە تەشكىلاتچىلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشى، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دىن قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشى، كىشىلەرنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد، قەدەممۇ-قەدەم دىننىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىشقا يېتەكلەپ، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ ، ئاخىر، دىننىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىش شەرتلىرىنى يارىتىشى لازىم دېگەندىن ئىبارەت. دىن كېلەچەكتە مۇقەررەر ھالدا يوقىلىدىغان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھايىتى يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ ئويلاش، ھەتتا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن - سىياسەتتىن ئايرىلىپ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە يول قويۇپ، ئۈمىدنى كېيىنكىلەرگىلا باغلاش نۇقتىئىنەزەرى خاتا.

## 4

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلگەن. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەت، ئېلىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ، پۇقرالارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مىزانى. ئۇنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى

قوغداشتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە. شۇڭلاشقا، بۇ مۇھىم سىياسەتنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە تونۇش لازىم. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە تونۇشتىن ئىبارەت.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى دېگىنىمىز ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بار، ھەم بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بار؛ ھەم ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بار؛ ھەم بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بار، ھەم بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بار؛ ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار دېگەنلىكتۇر. قىسقىسى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن ئېتىقاد قىلماسلىقنى، مەلۇم بىر دىنغا ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى قايسى مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىشنى، دىنغا قاچان ئېتىقاد قىلىشنى، قاچان ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار ئۆزلىرى تاللايدۇ، ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن بىلەن قوغدىلىدۇ، بۇنىڭغا جەمئىيەت ۋە باشقىلار ھۆرمەت قىلىشى، ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋە شەخس ئارىلاشماسلىقى ۋە دەخلى تەرۇز قىلماسلىقى لازىم. بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئايرىلماس مەزمۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئەتراپلىق چۈشىنىش، تونۇش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. پەقەت ئەتراپلىق چۈشەنگەن ۋە تونۇغاندىلا، ئاندىن توغرا تەشۋىق قىلغىلى ۋە ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئەركىنلىكنىلا تەكىتلەپ، ئېتىراپ قىلىپ، ھۆرمەتلەپ، باشقا تەرەپتىكى ئەركىنلىكنى مەنسىتمەسلىك، ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئاساسىي قانۇنغا ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە خىلاپ، ئۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە تونۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تونۇش. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى دېگەنلىك پۇقرالارنىڭ قايسى خىل دىنغا ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى قايسى خىل دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىشى ۋە قاچان ئېتىقاد قىلىشى ھەم نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ئەركىنلىك، ھەممىسى ھۆرمەت قىلىنىدۇ ۋە قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بەھرىمەن بولىدىغان باشقا جەھەتلەردىكى ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئوخشاش پىرىنسىپلىق ئەركىنلىك، ئۇ پىرىنسىپسىز ئەركىنلىك ئەمەس، بۇ پىرىنسىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە سىياسەتلىرىدۇر. بۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇن. قانۇنلار، بۇيرۇقلار ۋە سىياسەتلەر دائىرىسىدىكى ئەركىنلىك، دېگەنلىكتۇر. پۇقرالارنىڭ مۇشۇ دائىرىدە قايسى دىنغا ياكى ئۇنىڭ قايسى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشى، قاچان ئېتىقاد قىلىشى، نوقۇل دىنغىلا مەنسۇپ بولغان نورمال پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ئەركىنلىك، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ھەر قانداق ئورگىنى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەر ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. كىم ئارىلىشىدىكەن، شۇ پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىدۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر دىنىي تەشكىلات ۋە مۇرىت يۇقىرىقى دائىرىدىن ھالقىپ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپقا قارشى چىقسا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ئارىلاشسا، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرسە ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنغىلا مەنسۇپ بولغان نورمال پائالىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق قىلمىش بولىدۇ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەت بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئەركىنلىك يوق. ئۇنى قانۇن قوغدىمايدۇ، ئۇنىڭغا دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئارىلىشىپلا قالماستىن، بەلكى قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك ۋە ئۇنى قانۇن بىلەن تېزگىنلەش لازىم. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تونۇش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى

ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىمۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە باشقا بۇزۇق ئادەملەرنىڭ دىندىن ۋە مۇرتلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىگە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنى پەرق ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر.

لېنىن «سوتسىيالىزم ۋە دىن» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ: «دىن شەخسنىڭ ئىشى دەپ جاكارلاش كېرەك» دېگەنىدى. لېنىننىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرىنچى، دىنىي زاتلار ئۈچۈن ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئۈچۈن شۇنىڭدەك ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، كېيىن ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان، كېيىنمۇ ئېتىقاد قىلمايدىغان بولغان ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىن شەخسنىڭ ئىشىدۇر. «دۆلەت دىن بىلەن ئالاقە قىلماسلىقى، دىنىي تەشكىلاتلار دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقە قىلماسلىقى لازىم» ⑳. سىياسەت بىلەن دىننى مۇتلەق ئايرىپ، دىننى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى شەخسنىڭلا ئىشى قىلىش، ئۇنى دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان قىلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى خاراكتېرى تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىش. ئىككىنچى، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئېيتقاندا، لېنىننىڭ «دىن شەخسنىڭ ئىشى» دېگەن سۆزى ئىككى مەنىگە ئىگە. بىرىنچى، مەنىسى شۇكى، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا بولغان پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى كومپارتىيە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى: دىن ۋە ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىلماسلىقى شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇندا، قانۇنلاردا، بۇيرۇق ۋە سىياسەتلەردە بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلسىلا، ئۇنىڭغا ئارىلىشىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىننى شەخسنىڭ خۇسۇسى ئىشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. كومپارتىيە ئەزاسى ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئەڭ ئاڭلىق ئىلغار جەڭچى. كوممۇنىستلار ئەڭ ئىزچىل - كېسەل ماتېرىيالىزمچى، ئاتېئىزمچى، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگىلا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە كېلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

ئىدىيە ۋە تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى قىلىدۇ. ئەگەر پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئايرىملىرى دىنغا ئېتىقاد قىلسا، پارتىيە ۋە پارتىيىنىڭ باشقا ئەزالىرى بۇنى شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى دەپ قارىماسلىقى، بەلكى پارتىيە ئىچىدىكى ئېتىقادنىڭ ساپ بولمىغانلىقى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. دېمەك، «دىن شەخسنىڭ ئىشى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىكى چەك - چېگرىنى ئايرىش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىجرا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئاساسەن ياخشى، نەتىجىلەرمۇ بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك، بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى توغرىسىدا داۋاملىق ئەتراپلىق، توغرا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

بىرىنچى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلىشمۇ، ئېتىقاد قىلماسلىقمۇ ئەركىنلىك، بۇ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يادروسى، ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىسىدىن قايسىبىرى كەم بولسا، ئۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھېسابلانمايدۇ. ئۆتكەندە، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى كۆپ سۆزلىنىپ، ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى ئاز سۆزلەندى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىشنىڭمۇ، ئېتىقاد قىلماسلىقنىڭمۇ ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى تەشۋىق قىلىشنىڭمۇ ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭمۇ قانۇن بىلەن قوغدىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك. مۇشۇنداق تەشۋىقاتلار ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنىڭ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنىڭمۇ ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى ھەر مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ دىنىي زاتلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا بىلدۈرۈش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئۆز ئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئىتتىپاقلىقنى ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىش ھازىرلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەشۋىقات مەزمۇنى ۋە يېڭى ۋەزىپە ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت بولدى، ئېلىمىزدە، ماركسىزم - لېنىنىزمنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ھەر خىل پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تارقىتىش ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ ھازىرقى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ۋەزىپىسى. پەقەت يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى بىلەن ئاتېئىزم ئاز سۆزلەندى، شۇڭلاشقا بۇ دەرسنى تولۇقلىۋېلىش، ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

ئىزاھلار:

① كانت «ساپ ئەقلىي تەنقىد».
② كانت «ئەمەلىيەت ئەقلىيىسىگە تەنقىد».
③ جاڭ رۇجاۋ «بۇددا دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، داچېڭ مەدەنىيىتى نەشرى.
④ مېسلېر «قالدۇق مەكتۇبلار».
⑤ ھولباخ «يانچۇق ئىلاھىيىتى».
⑥ فېيېرباخ «خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى».
⑦⑧ ئېنگېلس «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى».
⑨ لېنىن «ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ دىنغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ھەققىدە».
⑩ ئىزاھ ⑦ دىكىگە ئوخشاش.
⑪ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 - توم خەنزۇچە نەشرى 452 - بەت.
⑫ ئىزاھ ⑪ دىكىگە ئوخشاش.
⑬ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 - توم خەنزۇچە نەشرى 647 -، 448 - بەتلەر.
⑭ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 - توم خەنزۇچە نەشرى 218 - بەت.
⑮ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 - توم خەنزۇچە نەشرى 453 - بەت.
⑯ «لېنىن ئەسەرلىرى» 15 - توم خەنزۇچە نەشرى 376 - بەت.

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 60 - بەتتە)

# شىنجاڭ يېزىلىرىدا 40 يىلدىن بۇيان بولغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئەسلىمە

ۋاڭ ۋېيجۇڭ

ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە. ئالدىنقىسى ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ زورايغانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ، كېيىنكىسى بولسا ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىنلا دېرەك بېرىپ قالماي، بەلكى ئىقتىسادنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆسۈشى مەبلەغنىڭ كېڭەيتىپ سېلىنىشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىنى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭدىن باشقا يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆسۈشىنى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ باشقا كەسىپلەرنى تولۇقلىشى ۋە ئۇلارغا تۈرتكە بولۇشىنى، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى شۇنىڭدەك زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىدىن ئىبارەت سېلىنمىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئارقىسىدا يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ( يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى) 5.7% بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى ( يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى 3.8%) دىن 1.9% يۇقىرى بولدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىلاردا بايلىقنىڭ بىرىكىش ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولماي كەلدى، يېزىلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ ياخشىلىنىشى ئاستا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

ئىچىدىكى نىسبىتى ئۇزاقتىن بېرى يۇقىرى بولۇپ كەلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولۇپ كەلدى. يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ھاللاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، 80 - يىللاردىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسەن يېزا ئىگىلىككە سەرپ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئاساسىي ئامىللارنىڭ كۆپىيىشىدىن كەلگەن، شۇڭا ئۇ، ئاساسىي جەھەتتىن «ئىلگىرىلىشى، تەرەققىياتى ئانچە تېز بولمىغان ئۆسۈش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 80 - يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۆسۈشى پۈتۈنلەي يېڭى مەنىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا بولغان تەرەققىياتنى پەرقى ئىنتايىن روشەن بولغان ئۈچ دەۋرگە بۆلدۇق.

**(1) ئەنئەنىۋى ئاساسىي ئامىللارنىڭ سەرپ قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان كۆلەمنىڭ كېڭىيىش مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە)**

بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بوز يەر ئېچىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، يەرگە سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغنىڭ سالمىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئەسلىدىكى 3 مىليون 683 مىڭدىن 6 مىليون 413 مىڭغا يېتىپ، 72.74% كۆپەيدى. بوز يەر ئېچىشقا سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىيلىكتىن دېھقانچىلىققا ئالمىشىشى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ نوپۇسى

---

⑰ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 7 - توم خەنزۇچە نەشرى 249 - بەت.
⑱ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 27 - توم خەنزۇچە نەشرى 439 - بەت.
⑲ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 20 - توم خەنزۇچە نەشرى 540 - بەت.
⑳ «لېنىن ئەسەرلىرى» 10 توم خەنزۇچە نەشرى 64 - بەت.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 5 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رۇزى تۇردى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: زايىت رەھىم

1966 - يىلغا كەلگەندە 1 مىليون 685 مىڭ 600 كىشىگە يەتتى؛ ئىككىنچىدىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكىرىدىكى باشقا ئۆلكىلىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 2 مىليون 161 مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇ شۇ مەزگىلدىكى نوپۇسنىڭ ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ 53.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئومۇمىي كۆپەيگەن نوپۇسنىڭ 70 - 80 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاسىتە قاتناشتى، بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1 مىليارد 900 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى. بۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 29.84 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ سېلىنىشىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، تېرىلغۇ كۆلىمى 1.5 ھەسسە كۆپەيدى. يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى 6.1% بولدى. بۇ مەزگىلدە ئېچىش ئاسانراق بولغان مۇنبەترەك بوز يەرلەرنىڭ ھەممىسى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تېرىلغۇ يەرلەر ئازدىيىشقا باشلىدى.

يېزا ئىگىلىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەكشى ھالەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ بەك تېز كېڭىيىشى ئارقىسىدا بۇزۇلىدى - دە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى تۇنجى يۈكسىلىش مەزگىلى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ مەزگىلدە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2.54 ھەسسە (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ ئۆسۈشى ئۈچ ھەسسە)، ئاشلىقنىڭ، پاختىنىڭ ۋە مايلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2.41 ھەسسە، 11.30 ھەسسە ۋە 1.54 ھەسسە ئېشىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى جەمئىي 3.60 ھەسسە كۆپەيدى. مەھسۇلاتنىڭ بۇنداق كەڭ ھەجىمدە كۆپىيىشى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان.

مەھسۇلات كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزىلارنىڭ مۇناسىپ ھالدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق بولىدى: 1. ئەلا سۈپەتلىك يەرلەرنىڭ نىسبىتى كۆپەيمىدى. شاللىقنىڭ، ئۆلكە يەرلەرنىڭ نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 30.6% بىلەن 0.1% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىنەم يەرلەر 0.7% كۆپەيدى؛ شاللىق ۋە ئۆلكە يەرلەر، بىنەم يەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 12.97%، 49.63% ۋە 73.37% كۆپەيگەن بولسىمۇ، بىنەم يەرنىڭ كۆپىيىشى ئەڭ تېز بولدى. 2 تېخنىكا ئەھۋالى

ئانچە ياخشىلانمىدى، سانائەت ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا سېلىنىدىغان ماددىي ئەشيالار يېتەرسىز بولىدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يەنىلا ئەنئەنىۋى ماددىي ئەشيالار كۆپرەك ئىشلىتىلدى ھەمدە تېرىقچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلبويىچە ئېلىپبېرىلدى. مەسىلەن، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، يەر سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار ئاساسەن ئىشلىتىلمىدى. 1966-يىلى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن تراكتور، تراكتور بىلەن سۆرىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سۇغىرىش ماشىنلىرى، كومباين، دان ئايرىش ماشىنىسى، سۇ ناسوسى، پرىتسېپ، ئاپتوموبىل قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1988-يىلدىكىنىڭ 9.3% 49.7%، 4.4%، 40.3%، 22.8%، 5.7%، 6.8% ۋە 9.6% گە توغرا كەلدى، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاشقا قارىتىلماي، ئاساسەن تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە قارىتىلىدى. 3. يېزىلاردا يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا (بولۇپمۇ بىڭتۇەنلەردە) ھوقۇق تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھەربىيلەشكەن تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى. بۇ خىل تۈزۈلمە گەرچە ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغنىڭ يەرگە مەجبۇرەن سەرپ قىلدۇرۇلۇشى جەھەتتە بايلىقنى جۇغلاش ۋە قوزغىتىش بويىچە زور كۈچكە ئىگە بولسىمۇ ھەمدە ھەقىقەتەن يېزا ئىگىلىكىنى ئۇرغۇن تېرىلغۇ يەر بايلىقىغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تېرىلغۇ يەرلەرنى باشقۇرۇشتا، ھەم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە لايىقلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەم شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە لايىقلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، بايلىقلارنى تەقسىملەش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولۇپ قالدى. بەلكى بۇ خىل ھالەت ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلدى.

4. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئۆسۈشىگە سېلىشتۇرغاندا، زىرائەتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئانچە چوڭ ھەجىمدە ئاشمىدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىللە نوپۇسمۇ كۆپىيىپ باردى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتىنىڭ ھەجىمىمۇ كىچىكرەك بولىدى. 1949-يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليون يۈەن، 1966-يىلى 2 مىليارت 400 مىليون بولغان، 1950-يىلدىن 1966-يىلغىچە ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى (%) 8.3 بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 2.1%، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 7.0%، مايلىق دانىنىڭ

بىرلىك مەھسۇلاتى 1.0% بولغان، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات قىممىتى 4.9% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ 4.9%، پاختىنىڭ 13.7%، مايلىق دانىنىڭ 3.2% بولغان. 5. مەھسۇلات قۇرۇلمىسىدا قاتمال ھالەت ساقلاندى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە تېرىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەن، قوشۇمچە كەسىپ (غەيرىي يېزا ئىگىلىك)نىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى، چارۋىچىلىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇلار مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدا، يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قالاق تەرەققىي قىلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك ساپ كىرىمى 1956 - يىلدىكى 56.8 يۈەندىن 1966 - يىلدىكى 66.5 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى ئاران 1.3% بولدى. دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن تېگىشلىك نەپكە ئىگە بولالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتتى. بۇ مەزگىل شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا مۇنداق ئۈچ تۆھپە قوشتى: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ نىسبىتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلىدى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز، مالىيە كۈچى يېتىشمەيۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 30% گە يەتتى (شۇنىڭدىن كېيىن مالىيىدىن يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ شۇ مەزگىلدىكىدىن 10% - 20% تۆۋەنلەپ كەتتى). بۇ مەبلەغ ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئەسلىھەلەر يېزىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا مۇئەييەن ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى. ئىككىنچى، سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى بەرپا قىلىندى. شۇ مەزگىلدە يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى 2 مىليارد 215 مىليون كۇبمېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۆلكە يەرنىڭ كۆلىمى 33 مىليون 57 مىڭ 200 موغا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئازادلىقتىن بۇيانقى (1949 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان) ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 57.6 پىرسەنتىنى ۋە 78.12 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سۇ بايلىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى قۇرغاق رايونلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى 40 يىل ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى، بۇنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچى، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى.

ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى گەرچە تۆۋەن (0.62%) بولسىمۇ، ئەمما ئۆسۈش سۈرئىتى ئەڭ تېز (ئوتتۇرىچە يىللىق ئۆسۈشى 17.0%) بولدى. ئورمان كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، بوستانلىق بەرپا قىلىش، دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىقلىرىنى ئاسراش ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە تۆھپە قوشتى.

## 2. تەرەققىيات بىر ئىزدا توختاپ قېلىش مەزگىلى (1967 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە)

ئازادلىقتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىدىكى بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە ئەگىشىپ، بۇ مەزگىل دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۆلىمى ئەڭ زور، داۋام قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش مەزگىلى بولدى. گەرچە بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەشۇ مالىمانچىلىقتا بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىگە كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئاۋۋال كەلدى. بۇ مەزگىلدە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى 45.15% ۋە 3.15%، ئەمما سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى 89.98% ۋە 5.49% بولدى، ئەمما يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى ئاران 7.89% ۋە 0.64% بولدى. شۇنىسى، ئېنىقلاشقا بولىدىغان تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك كۆرسەتكۈچلىرى ئىچىدە پەقەت يېزا ئىگىلىك نوپۇسىلا خېلى يۇقىرى ئۆسۈش سۈرئىتىنى ساقلاپ 12 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 40.36% ۋە 2.9% گە يەتتى. بىرمۇنچە يېزا ئىگىلىك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىگە يېتىشەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىنقى مەزگىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇلار ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەڭ تېز ئازىيىپ كېتىپ يىللىق ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 3.2% ۋە 2.0% بولدى. باشقا كۆرسەتكۈچلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى مۇنداق بولدى: ئاشلىق مەھسۇلاتى 1.9%، پاختا مەھسۇلاتى 0.1%، مايلىق دان مەھسۇلاتى 1.3%، ساپ كىرىم 0.1%.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكى يەنىلا مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى: 1. زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى قايتا تېرىش ئاساسىي سان كۆرسەتكۈچى، غەيرى يېزا ئىگىلىك نىسبىتى بىر ئاز ئۆستى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1.19 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1.46% كۆپەيدى. غەيرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى 1.3% ئاشتى. 2. زامانىۋى ماددىي ئەشيالارنىڭ سەرپ قىلىنىشى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ھەر بىر مو يەرگە ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 4.7 كىلوگرامغا يەتتى، گەرچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىڭ سالمىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 739 مىڭ موغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ ئامبىرىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى 1 مىليارت 100 مىليون كۇۋادىرات مېترغا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1950 — 1987 - يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ 13.6 پىرسەنت ۋە 28.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، بۇنىڭغا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ 1958 - يىلىدىكى «لاپ ئۇرۇش شامىلىنىڭ» ۋە 1960 — 1962 - يىلىغىچە بولغان يىمەكلىكلەر ئىنتايىن قىس بولۇشىنىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ يېزا ئىگىلىكىگە، شۇنداقلا تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازىيىپ كېتىش مەسىلىسىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇڭا بۇ ئىككى جەھەتتىكى تەرەققىياتقا ھەم «يېزا ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى»، «يېزا ئىگىلىكىنىڭ چىقىش يولى ماشىنىلاشتۇرۇشتا»، «سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى» دېگەنگە ئوخشاش سىياسەت ۋە چاقىرىقلار يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەم تېرىلغۇ يەر ئازىيىپ كېتىپ باشقا ئامال قالمىغانلىقتىن، مەبلەغنى بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقىلا سەرپ قىلىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشقا توغرا كەلگەن. مەسىلە شۇ يەردىكى، كۆپەيتكەن مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن رىغبەتلەنمىگەن ۋە ئەمەلىي نەپ ئالالمىغان. بۇ جەرياننى مۇلاھىزە قىلساق، سىياسىي كۆرەشتىن باشقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى نۇقسانلار بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئاشكارىلاندى. بۇ مەزگىلدە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.4% ئازىيىپ كەتتى، ئەمما تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 40% كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن ماشىنا سايمانلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت ھەسسىلەپ كۆپەي-

دى؛ تېرىلغۇ يەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ۋە ماددىي ئەشيا، مەبلەغ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. لېكىن كىشىنى ئۈمىتسىزلەندۈرىدىغىنى شۇكى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئاران 19% گە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات بولسا 15.6% تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى بەلكىم يېزا ئىگىلىك تۈزۈمىدىكى توسالغۇلار ئارقىلىقلا چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بولار. ناۋادا 1950 —— 1966 - يىلغىچە بولغان جەرياننى بوز يەر ئېچىش بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى باشقۇرۇش تەڭ يولغا قويۇلغان مەزگىل دېسەك، ئۇنىداقتا بۇ مەزگىل پۈتۈنلەي يەر باشقۇرۇش مەزگىلىگە قەدەم قويىدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكتە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمىنىڭ داۋاملىشىشىمۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئېغىر پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالدى، بۇنداق تۈزۈلمە ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مېۋىسى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئانچە زىچ بولمىدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى پايدا - زىيان ئەمگەكچىلەرگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تۈزۈلمە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تارقاق بولغانلىقتىن، ئەزەلدىن بار بولۇپ كەلگەن قىيىن نۇقتىلار —— ئەمگەكنى باشقۇرۇش تەننەرقىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىش، ئەمگەكنى پۈتۈنلەي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولۇش قاتارلىق ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە: ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى بولمىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلدى. ئادەم كۈچىنىڭ ئورنىغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى پەقەت يېزا ئىگىلىكنىڭ ئادەم كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىنى ئازايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئەمگەك كۈچى بىكار بولۇپ قالغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بۇنداق تۈزۈلمە ئاستىدا غەيرى يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى، شۇڭا گەرچە غەيرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «قوشۇمچە كەسىپ» نىڭ ياراتقان قىممىتى ئاز- تولا كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يەرگە توغرا كېلىدىغان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى (ھەربىر گېكتار يەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەم 1.93 دىن 2.83 گە كۆپەيگەن) بىلەن ماشىنىلارنىڭ كۆپىيىشىگە سېلىشتۇرغاندا قوشۇمچە كەسىپ ياراتقان قىممەت بىكار بولۇپ قالغانلار ياراتالايدىغان قىممەتنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىبارەت.

بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى (%) دە ئومۇمىي مەھسۇلات 139% گە، بىرلىك مەھسۇلات 1.46% گە يەتتى، ئاشلىق ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.87%، 1.16% ، پاختا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 -، 2،1، مايلىق دان ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1.5%، 0.02% بولدى. ئۆسۈش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان ئاشلىق بىلەن ئۆسۈش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولغان پاختا ۋە مايلىق دان مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى تېرىقچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېخىمۇ قاتمال ئىكەنلىكىنى، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە بىلەن ئەنئەنىۋى ستراتېگىيە («ئاشلىقنى ئاساس قىلىش») مۇقەررەر ھالدا قاتماللاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭمۇ قاتمال بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1967 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى قۇرۇلمىسىدا تېرىقچىلىقنىڭ سالمىقى 68.4 پىرسەنتنى، ئورمانچىلىقنىڭ 1.3 پىرسەنتنى، چارۋىچىلىقنىڭ 25.4 پىرسەنتنى، قوشۇمچە كەسىپنىڭ 4.5 پىرسەنتنى، بېلىقچىلىقنىڭ 0.4 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن بولسا، 1978 - يىلغا كەلگەندە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 70.5 پىرسەنتنى، 2.9 پىرسەنتنى، 20.5 پىرسەنتنى، 5.8 پىرسەنتنى، 0.3 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

### 2.3 قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش مەزگىلىنىڭ يېتىپ كېلىشى (1979 - يىلدىن ھازىرغىچە)

70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى بىلەن 80 - يىللارنىڭ باشلىرى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەنە بىرقاتلام جەھەتتە يېڭى بىر قېتىملىق تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئالدى بىلەن 1979 —— 1987 - يىللاردىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2.29 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى 9.6% گە يەتتى. شۇنداقلا يەنە، بۇ توققۇز يىلدا تېرىلغۇ يەردىن باشقا بارلىق يېزا ئىگىلىك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ھەممىسى كۆرۈنەرلىك ئۆرلىدى. 1. ئومۇمىي مەھسۇلات ئاشتى. تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 10%، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 3.3%، ۋە 7.7%، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 6.4%، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 6.4%، پاختا

بىلەن مايلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 17.2% ۋە 16.9% ئاشقان. 2. بىرلىك مەھسۇلات تېز ئۆستى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 131%، ئاشلىق، پاختا، مايلىق داننىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 193%، 176% ۋە 225% كۆپەيدى. 3. يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئىشلەپچىقارغان ئوتتۇرىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 2.18 ھەسسە، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى 1.67 ھەسسە، ئاشلىق مەھسۇلاتى 1.41 ھەسسە، پاختا مەھسۇلاتى 3.99 ھەسسە مايلىق دان مەھسۇلاتى 3.19 ھەسسە كۆپەيدى. (بۇ ئۆزگىرىشلەر يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 4.9% كۆپەيگەن، تېرىلغۇ كۆلىمى 3.9% ئازايغان ئەھۋالدا بارلىققا كەلگەن.

مىقدارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېخىمۇ مۇھىمى، قۇرۇلما، ئىقتىدار ۋە ئۈنۈم جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى. بىرىنچى، ئىلگىرىكى مەزگىلگە سېلىشتۇرغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. پاختىدىن باشقىلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئالدىنقى ئىككى مەزگىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ياراتقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئادەتتىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى مۇنداق بولدى: ئاشلىق 7.6% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 5.5%، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 6.44% يۇقىرى بولدى)، پاختا 6.5% (1. باسقۇچتىكىدىن 0.5%، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 8.6% يۇقىرى بولدى)، مايلىق دان 11% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 12%، 2ـ باسقۇچتىكىدىن 11.02% يۇقىرى بولدى)؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ياراتقان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى مۇنداق بولدى: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 9% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 4.1%. 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 11% يۇقىرى بولدى)، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى 5.9% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 0.9% تۆۋەن، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 7.3% يۇقىرى بولدى)، ئاشلىق مەھسۇلاتى 3.9% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 1% تۆۋەن، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 5.8% يۇقىرى بولدى)، پاختىنىڭ مەھسۇلاتى 16.6%، (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 2.9%، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 16.7% يۇقىرى بولدى)، مايلىق داننىڭ مەھسۇلاتى 16.4% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 13.2%، 2 ـ باسقۇچتىكىدىن 17.7% يۇقىرى بولدى)؛ يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ياراتقان ئوتتۇرىچە ساپ مەھسۇلات قىممىتى 20.7% (1 ـ باسقۇچتىكىدىن 16.1%، 2 ـ باس‐

قوچتىكىدىن 21.7% يۇقىرى بولدى). ئىككىنچى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى ھەمدە باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. تېرىقچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ تەركىبلىنىش سالمىقى جەھەتتە: 1987-يىلى ئاشلىق 77.3% نى، پاختا 3.7% نى، مايلىق دان 5.6% نى، قىزىلچا 12.9% نى ئىگىلىدى. ھالبۇكى 1978-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 9.2% نى، 1.4% نى، 2.6% نى، 4% نى؛ 1966-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 88.5% نى، 2.1% نى، 2.3% نى، 7.1% نى ئىگىلىگەنىدى؛ تېرىقچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى تېخىمۇ تەڭپۇڭلىشىشقا يۈزلىنىپ، سانائەتنىڭ بولۇپمۇ يېنىك سانائەتنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى قۇرۇلمىسى جەھەتتە: 1987-يىلى تېرىقچىلىق 64.33% نى، ئورمانچىلىق 3.04% نى، چارۋىچىلىق 5.17% نى، قوشۇمچە كەسىپ 5.17% نى، بېلىقچىلىق 0.52% نى ئىگىلىدى؛ ھالبۇكى 1979-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 68.73% نى، 1.67% نى، 22.32% نى، 7.11% نى، 0.17% نى ئىگىلىگەنىدى. 1987-يىلى يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 45.89% بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلغان يېنىك سانائەت 40.5% نى، غەيرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلغان يېنىك سانائەت 5.39% نى ئىگىلىدى. ھالبۇكى 1979-يىلدىكى نىسبەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا 42.42%، 36.05%، 6.37% ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولدى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرىچە 20.9% تىن تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مىسلىسىز دەرىجىدە ياخشىلاندى.

قىسقىسى، 1979-يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تېز تەرەققىي قىلىشى 1950 — 1966-يىللاردىكى تەرەققىياتتىن خېلى پەرقلىنىدۇ. ئىقتىسادىي ئىقتىدارىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئۆسۈشى جەھەتتىكى پەرقىنىڭ كىچىكلىشى بۇ باسقۇچنىڭ يېڭى مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۇزۇندىن بۇيان بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىنى تەرەققىيات داۋامىدىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئەمەلىي نەتىجە دېيىشكە بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغان خېلى زور پايدىغا ئېرىشتى.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىل 6-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى). تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت توختى، تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: ئابلەت نۇردۇن

# «كاپىتال» نىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا

ئابلىز ئىمىن. ئۆمەر بەكرى

1

«كاپىتال» ماركسىزمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى. ماركس بۇ ئەسىرىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتبىقلاپ قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنى كەشىپ قىلدى. كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى، راۋاجلىنىشىنى ۋە زاۋالغا يۈزلىنىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. ئىلگىرى ماركسىزمنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسىرى تۈمەن، مىڭلىغان كوممۇنىستلارنى ۋە ئىنقىلابچىلارنى تەربىيىلەپ ئىنقىلاب يولىغا باشلىغان. ھازىر شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ بەزىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، كەڭ كادىرلارنى، ئاممىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى «كاپىتال» دا شەرھلەنگەن ئاساسىي نەزەرىيىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلاردا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ دەيدىغان ئېتىقادنى تۇرغۇزۇش ناھايىتى زۆرۈر.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ «كاپىتال» دا شەرھلەنگەن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بىزنىڭ ھازىرقى زامان كاپىتالىزم تۈزۈمىنى توغرا چۈشىنىشىمىزنىڭ ئۆتكۈر قورالى.

بىرىنچى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق. كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر يۇقىرى ئىش ھەققى، يۇقىرى پاراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتتى. بۇ ئوبيېكتىپ پاكىت. ئەمما،

بۇ خىل ئۆزگىرىش كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىنى،
يەنى كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ئۇلار
يۇقىرى ئىش ھەققى، يۇقىرى پاراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق،
بىر تەرەپتىن چەكلىك ھالدا ئىشچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى، ئىجتىمائىي تەلەپ-
نى كېڭەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىش-
لەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئۆستى. ئىشچىلارنىڭ بىرلىك ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە
ياراتقان قىممىتى خېلى زور ھەجىمدە ئاشتى. نەتىجىدە كاپىتالىستلارنىڭ ئىق-
تىسادىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى تېخىمۇ زورايدى. ئىشچى-
لارنىڭ كىرىمى، مەيلى ئىش ھەققىدىن كەلسۇن ياكى پاراۋانلىقتىن كەلسۇن،
ئۇ بەربىر ئەمگەك كۈچى قىممىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ
يۇقىرى ئىش ھەققى، يۇقىرى پاراۋانلىق سىياسىتى كاپىتال بىلەن ياللانما
ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش
مۇناسىۋىتىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتكىنى يوق.

ئىككىنچى، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرگىنى يوق.
كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قوشۇمچە قىممەت شىلىۋې-
لىش. كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدا قوشۇمچە قىممەت ئوتتۇرىچە
پايدا بولۇپ ئىپادىلەنگەن. كاپىتالىزمنىڭ مونوپول باسقۇچىدا قوشۇمچە قىم-
مەت مونوپولىيىلىك يۇقىرى پايدىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئىپادىلىنەتتى.
مونوپولىيە دەۋرىدە مونوپول كاپىتالىستلار مونوپولىيىلىك ئورنىغا تايىنىپ
مونوپولىيە باھا ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدىكى بىر قىسىم قىممەتنى
مونوپول پايدىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىي تاپقان
كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مونوپول كاپىتالى خەلقئارادىكى مونوپول ئورنىغا
تايىنىپ، تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر بىلەن مىللەتلەرنىڭ ياراتقان قىممىتىنى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان بولدى. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە كاپىتال ھەرىكى-
تىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق.

ئۈچىنچى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى
ئۆزگەرگىنى يوق. كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدا، خۇسۇسىي ئىگى-
دارچىلىق كاپىتالىستنىڭ شەخسىي ئىگىلىۋېلىشى بولۇپ ئىپادىلەنگەچكە، ئىش-
لەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دائىرىسى يەنىلا ناھايىتى تار ئىدى. كاپىتا-
لىزمنىڭ مونوپول باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دائىرىسى بار-

غانىيرى كېڭەيدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتالىست شەخسى ئىگىۋېلىشتىن مونوپول تەشكىلاتلار ئىگىلىۋېلىشقا تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت مونوپولىيە كاپىتالىزمىغا تەرەققىي قىلدى. ئەمما، بۇ خىل ئۆزگىرىش كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆزگەرگىنى يوق، كاپىتالىزمنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى يەنىلا پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ھامان سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىگىلەيدۇ. بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

## 2

«كاپىتال» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىگىلىك بىلەن سېلىشتۇرساق، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىگىلىكتە ھەم ئىلمىي سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىمىزنى، ھەم ئۇنىڭ «كاپىتال» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوتسىيالىزمدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدا ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، «كاپىتال» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي سوتسىيالىزم كاپىتالىزم ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەنگلىيىنى مەركەز قىلىدۇ، ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە سوتسىيالىزم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەلۋەتتە كاپىتالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە بولسا سوتسىيالىزم يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ناھايىتى قالاق بولغان ئاساستا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە ئورنىتىلغان سوتسىيالىزمنىڭ ماركس شەرھىلىگەن سوتسىيالىزمغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت دەسلەپكى باسقۇچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «كاپىتال» دا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە بىرلا خىل ئومۇمىي مۈلۈك-

چىلىك بولىدىغانلىقى يەنى بىرلا خىل ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ۋە بىرلەشمە مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى كۆپ خىل بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش، ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت شەكىللىرى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «كاپىتال» دا تەسەۋۋۇر قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ساپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىگىلىكتە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە دۆلەت كاپىتالىزمى ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىگىلىك شەكىللىرى مەۋجۇت.

تۆتىنچى، «كاپىتال» دا بېشارەت قىلىنغان سوتسىيالىزمدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولمايدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاۋار ئىگىلىكى مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر.

بەشىنچى، «كاپىتال» دا شەرھلەنگەن سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك بىۋاسىتە ئەمگەك ۋاقتى ئارقىلىق پىلانلاشتۇرۇلىدۇ، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا پىلانلىق ئىگىلىك مۇقەررەر ھالدا تاۋار ئىگىلىكى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. پىلان تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە قىممەت قانۇنىيىتى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدۇ، بازار بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ. بۇ ھال پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن ئىقتىسادىي پائالىيەت مېخانىزمىنى ھاسىل قىلغان.

ئالتىنچى، «كاپىتال» دا تەسەۋۋۇر قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەت يولداشلارچە ئۆز ئارا ياردەم قىلىشىش، ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەت ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، بىر - بىرىگە

پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن تاشقىرى، يەككە ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئەمگەك ياللاش مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەتتىنچى، «كاپىتال» دا سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ بىۋاستە ئىجتىمائىي ئەمگەك بولىدىغانلىقى بىشارەت قىلىنغان. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كارخانىلارنىڭ ئەمگىكى يەنىلا تاۋاردا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كارخانىلارنىڭ قىسمەن ئەمگىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەمگەككە ئايلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئەمگەك ۋاقتىغا ئاساسەن بىۋاستە رېئاللىشىدۇ. ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلغان ۋاقتىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات ياكى «ئەمگەك بېلىتى» ئارقىلىق، ئىستېمال بۇيۇملىرى ئامبىرىدىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئالىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات تاۋار شەكلى ئالغان بولىدۇ. كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكى بولسا قىممەت شەكلىدە مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، كارخانىلار تاۋارنى ساتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئىشچىلارغا پۇل ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئىشچىلار پۇل ئىش ھەققىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تاۋار بازىرىدىن تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئىشى، بىۋاستە ئەمگەك ۋاقتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلمايدۇ، ئەگرى يوللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى ۋە قىممەت قانۇنىنىڭ رولى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، نومىنال ئىش ھەققى بىلەن ئەمەلىي ئىش ھەققى ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىگىلىك بىلەن كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار بىلەن كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. دېمەك، بىزدە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي

گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكىللىرى مەۋجۇت.

توققۇزىنچى، «كاپىتال» دا تەسەۋۋۇر قىلىنغان سوتسىيالىزم دۇنياۋى خاراكتېرلىك سوتسىيالىزم بولۇپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ئومۇمەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىقتىسادىي ئالاقىدىن باشقا، يەنە كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ.

3

«كاپىتال» سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قارىتا ناھايىتى زور يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«كاپىتال» دا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىدىيەۋى قورال، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەل «كاپىتال» دىكى ئاساسىي قائىدىلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ھازىر مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولۇپ، كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىپ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئالىي باسقۇچىغا كىرىدۇ. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ دەل «كاپىتال» دا چىقىرىلغان يەكۈننىڭ مەملىكىتىمىزدە گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى توغرىسىدا «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان نەزەرىيە، مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىلمىي تەسەۋۋۇر بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى. مەملىكىتى-

مىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا غەيرى سوتسىيالىستىك ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، «كاپىتال» دا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى مەخسۇس تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ۋە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەھلىل قىلىنىپ، كەلگۈسىدىكى يېڭى جەمئىيەتنىڭ بەزى ئىقتىسادىي خۇسۇسىيەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مەسىلەن، ماركس تاۋار ئېتىقادچىلىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەھلىل قىلغان چاغدا، كەلگۈسىدىكى جەمئىيەتنىڭ، يەنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بەزى مۇھىم ئىقتىسادىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يولغا قويۇلىدۇ، جەمئىيەت ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى، بىۋاسىتە ھالدا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يۈرگۈزۈلىدۇ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلىدۇ، دېگەن. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم نەزەرىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىز دەل مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «كاپىتال» دا سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىدىغان ئىگىلىك دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، بازار ئارقىلىق تەڭشەش مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلەت پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويىدۇ. يەنى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي پائالىيەت مېخانىزمى يولغا قويۇلىدۇ، پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق تەڭشەيدىغان بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «كاپىتال» دا كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە تاۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولمايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، مەم-

لىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاۋار ئىگىلىكى ئەمەلىي يۇسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان ئومۇمىي قائىدىسى دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىگە يەنىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئاددىي تاۋار ئىگىلىكى، كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچىدا ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دائىرىدە ئاددىي تاۋار ئىگىلىكى شۇنىڭدەك ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئۆزىگە ئالاھىدىلىك قىلغان خۇسۇسىي ئىگىلىكمۇ مەۋجۇت. قايسى خىل تاۋار ئىگىلىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ۋە تەلىپىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى، تاۋار ئىگىلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئومۇمىي ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن پىلانچانلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن پىلانچانلىقتىن ئىبارەت خاسلىق خۇسۇسىيىتىلا تەكىتلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى، يەنى ئورتاقلىقىغا سەل قارىلىدىكەن، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ هاياتى ئاجىزلايدۇ. ئۇ بېكىنمىچىلىك هالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. ئەگەر تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى تەكىتلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن پىلانچانلىقتىن ئىبارەت خاس خۇسۇسىيىتىگە سەل قارالسا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرى ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ. دېمەك هەرقانداق بىر تەرەپ ئىنكار قىلىنسا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىزم ئاندىن نورمال تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان تاۋارنىڭ ئىككى ئامىلى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمگەكنىڭ ئىككى ئامىلى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمگەكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى، تاۋارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن هاسىل بولغان پۇل شۇنىڭدەك ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ـ قىممەت قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تاۋار ـ پۇل نەزەرىيىسى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە پۇل مۇئامىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئوخشاشلا مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

تۆتىنچىدىن، «كاپىتال»دا ماركس كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىلەن ئىجتىمائىي يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا، ئىجتىمائىي يىرىك ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئومۇمىي قائىدە مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىگىلىككىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئوبوروت قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئومۇمىي قائىدە، كاپىتال جۇغلانمىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قائىدە، ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى قائىدە، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇئامىلىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە، كاپىتالنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى تەلىمات قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئوبوروت قىلىنىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە بىنائەن مەبلەغنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىشلىتىشى، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا، ماددىي ئەشيالارنىڭ غايەت زور ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. نۆۋەتتە مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، تۇراقلىق مۈلۈكتىن ھەقلىق پايدىلىنىش، تۇراقسىز مەبلەغنى بانكىدىن پۈتۈنلەي قەرز ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ ماركسنىڭ كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئوبوروت قىلىنىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى تەتبىقلىغانلىقتۇر، بۇنىڭ بىلەن بۇ كارخانىلار مەبلىغىنىڭ ئايلىنىشى تېزلىتىلىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتۇر. ئۇنىڭدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە مۇئامىلىسى توغرىسىدا «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان نەزەرىيىنى ياخشى ئىگىلىۋالغاندا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەت بويىچە ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئەشلەپچىقىرىش جەريانىدا، جۇغلانما بىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەسىلىسىنى مەركەز كۆپ قېتىم تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇ ماركسنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش

نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جوغلانما مەسىلىسىدە ئاۋۋال جوغلانما نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، جوغلانما نىسبىتىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بەك تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جوغلانما نىسبىتى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالسا، خەلقنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا دەخلە يېتىدۇ. شۇڭا، جوغلانما بىلەن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، جوغلانمىنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئىمكان قەدەر جوغلانمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، جوغلانمىنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئەمەسلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، جوغلانمىنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئىچكى ئامىلدىن بولىدىغان كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. كەسىپلەر قۇرۇلمىسى مەسىلىسىدە ماركسنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش نەزەرىيەسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاۋۋال زور كۈچ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىش، ئاندىن ئېنېرگىيە، قاتناش - ترانسپورت، ئۇچۇر، مۇھىم خام ئەشيا - ماتېرىيال قاتارلىق ئاساسىي سانائەت ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىش ھەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىلەن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمىنى ۋە سۈرئىتىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. بۇ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلغاندا، ئاندىن مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ماسلىشىپ تەكشى تەرەققىي قىلالايدۇ.

بەشىنچىدىن، كاپىتالنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان نەزەرىيە مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا مەلۇم پايدىلىنىش رولىغا ئىگە. مەملىكىتىمىز كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مەملىكىتىمىز بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى تۈپ مەقسىتى يەنىلا قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە بولۇش. مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك كاپىتالىستىك ئىگىلىككە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى كۆرۈش كېرەككى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتە يەنىلا ياللاش - ياللىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، خۇسۇسىي ئىگىلىككە

قارىتىلغان يېتەكچىلىكنى، نازارەتچىلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

ئالتىنچىدىن، ئوتتۇرىچە پايدىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان نەزەرىيە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باھاسى نەزەرىيىسى، يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسى قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى تەقسىم قىلىشتا ۋە سوتسىيالىستىك يەر ئىجارىسى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. سوتسىيالىستىك كارخانىلارمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا ئوخشاشلا تەننەرخ مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشقا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا ئىمكانقەدەر مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ھاياتنى كۆپەيتىشى ۋە پايدىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن باھا سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشقا پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ باھا ئىسلاھاتىمۇ ئىشلەپچىقىرىش باھاسى قانۇنىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن باھا مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ باھا نىسبەت مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق بولغاندىلا، ئاندىن باھا ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. سودىنى ياخشى باشقۇرۇپ، تاۋار مۇئامىلىسىنى ياخشى تەشكىللەپ، سودىنىڭ پايدا نورمىسىنىڭ چېكىنى توغرا ھەل قىلغاندا، سودا پايدىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ پايدىسىدىن يۇقىرى بولماسلىقى لازىم، يۇقىرى بولۇپ كەتسە، بۇ تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ، ئەكسىچە، سودا پايدىسى بۇ تارماقلارنىڭ پايدىسىدىن تۆۋەن بولۇپ قالسا، سودا تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، سودا پايدىسى بۇ تارماقلارنىڭ پايدىسىغا تەڭ بولۇشى ياكى يېقىنلىشىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ھەر قايسى تارماقلار تەكشى تەرەققىي قىلالايدۇ. «كاپىتال» دا بايان قىلىنغان ئۆسۈم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە سوتسىيالىستىك بانكىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى، ئۆسۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بانكىلار دۆلەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، بانكىنىڭ ئامانەت - قەرز نىسبىتىنى دائىم تەڭشەپ، بانكىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسىنى تەتقىق قى-

لىشتا مەلۇم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەريانىدا، ھۆددىگەرلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن يەرلەر ھەددىدىن ئارتۇق تارقاقلىشتۇرۇۋېتىلدى. بۇ يېزا ئىگىلىكنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز. شۇڭا، دەرىجىلىك يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، بۇ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. ياخشى ۋە ئوتتۇراھال يەرلەرنى ھۆددىگە ئالغانلاردىن يەر ئىشلىتىش خىراجىتى ئېلىپ، يەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىنىشىنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم.

## 4

«كاپىتال» دا كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت قانۇنىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، ھەر قايسى جەمئىيەتلەرگە باپ كېلىدىغان ئورتاق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرمۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بىرىنچى، ئەمگەك جەريانى «ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي شەكىللىرىگە ئورتاقتۇر» ①. ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ھاسىل قىلىش جەريانى، شۇنداقلا تارىختىكى ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان» ② «ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىزچىل داۋام قىلىپ تۇرىدىغان جەريان» ③.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈش قانۇنىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئورتاق بولغان قانۇنىيەتتۇر. بىزدە ھازىرقى ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش بىر مۇھىم ۋەزىپە.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىدۇر. «شەخسىي ئېھتىياجدىن ئېشىپ تۇرىدىغان يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسى» ④. يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى ئۆسكەندىلا، خەلق ئىگىلىكىدىكى باشقا تارماقلار ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ.

تۆتىنچى، قوشۇمچە مەھسۇلات بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. «ئومۇمىي قوشۇمچە ئەمگەك، مۇئەييەن ئېھتىياج مىقداردىن ئېشىپ كەتكەن ئەمگەك سۈپىتىدە ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» ⑤. قوشۇمچە ئەمگەك ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلات بولمىسا، ھەر قانداق جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ.

5

ماركسنىڭ «كاپىتال»نى يېزىش جەريانىدا تۇتقان مەيدانى، نۇقتىئىينەزەرى ۋە ئۇسۇلى بىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز ئۈچۈنمۇ يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، «كاپىتال»دا ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش باشتىن-ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلغان. ماركس ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ سىياسىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بايان قىلغان. ماركس بارلىق ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ۋە ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تىك قاراشتا ئىزچىل چىڭ تۇرغان. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ماركسنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قارىشىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە تارىخىي، ئوبيېكتىپ ھالدا قارىشىمىز، ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىمىز، يەنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىرلا خىل شەكلىنى يولغا قويماسلىقىمىز، ھەم جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز، يەنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشتەك ئومۇمىيۈزلۈك غەربلىشىش يولىغا ماڭماسلىقىمىز، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەكشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، «كاپىتال» دا قوللىنىلغان ئاساسىي ئۇسۇل ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈدۇكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئى تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شەيئىلەر ئۆز تەرەققىياتىدا قېيىنچىلىقلارغا، ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئەمما يېڭى شەيئىلەر ھامان كونا شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا، ئاغدۇرۇشىغا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىزمۇ تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ ھامان كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۆنىلىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز لازىم.

ھازىر شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەردە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مەملىكەت ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمى مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا، بىز سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسنىڭ «كاپىتال» دا بايان قىلغان توپ نەزەرىيىسىنى، توپ مەيدانىنى، توپ نۇقتىئىنەزەرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە تەتبىقلىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىملىرىغا زەربە بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دېڭشياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ماركسىزم نەزەرىيىسى كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلىنى ئۆزگەرمەس تۇرىدىغان ئەمەلىيەتكە ئۇزلۇكسىز بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ئاشۇ يول بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئەمەسمۇ؟ ھازىر بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. دەۋر ئۆزگەردى، ۋەزىپە ئۆزگەردى. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يېڭى بىلىملەر ھەقىقەتەن

كۆپ. بۇ ھال بىزنىڭ يېڭى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزنى تېخىمۇ جىددىي تەلەپ قىلىدۇ» ⑥. شۇڭا، ماركسنىڭ «كاپىتال» ىنى ياخشى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىسلاھاتتا مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ماركسىزمنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① «كاپىتال» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 209 - بەت.
② «كاپىتال» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 952 - بەت.
③ «كاپىتال» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 621 - بەت.
④ «كاپىتال» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 884 - بەت.
⑤ «كاپىتال» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 925 - بەت.
⑥ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (سىياسىي ئىقتىساد قىسمى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 3—4 - بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆ سىياسىي ، مائارىپ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم.



# ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى راۋاجلاندۇرايلى

چېن گۇگلىن

1. مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك بار. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك سوتسىيالىستىك ئۇمۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن ئىبارەت بىر خىللا مۈلۈكچىلىكتۇر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى ئابستراكسىيە ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولۇشى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ دېگەندەك تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان دۆلەتتە يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سالمىقى تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

2. سوتسىيالىستىك ئۇمۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارلىقىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئۇمۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە سوتسىيالىستىك دۆلەت بارلىق خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇمۇمىي خەلققە مەنسۇپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەكىل قوللىنىلغان. سوتسىيالىستىك ئۇمۇ-

مي خەلق مۇلۇكچىلىكىنىڭ ماھىيىتى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىدارلىق قىلىش جەھەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر بولىدىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەش جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك تۈپەيلىدىن ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدۇر، شۇڭا سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا بەزىلەر «ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي مۇلۇكچىلىكى» قاتارلىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. روشەنكى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ماھىيەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە گەرچە كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ماھىيىتى بولغان مۇلۇكچىلىك شەكلى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتۇر، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىلا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى دۆلەتتە گەرچە مەلۇم كەسپ (مەسىلەن، رېمونتچىلىق كەسپى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى) تە ياكى مەلۇم بىر قىسىم رايونلاردا يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقەررەر ھالدا ئاساسىي گەۋدە بولۇش ئورنىنى ئىگىلەپ، يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىقتىسادىي تارماقلار، مەسىلەن، خام ئەشيا سانائىتى، ئېنېرگىيە سانائىتى، قاتناش - ترانسپورت تارماقلىرى، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى كارخانا قاتارلىقلار چوقۇم ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. ئەگەر يېتەكلىگۈچى رول ئوينايدىغان بۇ ئىگىلىكمۇ خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئايلىنىپ كەتسە، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى يوقالغان بولىدۇ.

4. مەملىكىتىمىزدىكى يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ئۈچۈن يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاكچىنىنىڭ بىر مۇھىم نەتى-

سى بولۇش سۈپىتى بىلەن غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى 1988 ـ يىلغىچە 14 مىليون 520 مىڭغا، ئىشلەۋاتقان خادىملىرىنىڭ سانى 23 مىليون 40 مىڭغا يەتكەن (1978 ـ يىلى 140 مىڭ ئىدى). سەككىزدىن ئارتۇق ئىشچى ياللىغان خۇسۇسىي كارخانا 225 مىڭ بولغان، بۇ كارخانىلاردا ياللانغان ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىليون 600 مىڭ بولغان. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپلا قالماي، بەلكى تىجارەت دائىرىسى ۋە تىجارەت كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. ياللىغان ئىشچىسى مىڭدىن ئاشىدىغان، سالغان مەبلىغى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ كارخانىلارمۇ بارلىققا كەلدى. روشەنكى يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر كۈچ بولۇپ قالدى.

5. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئون يىللىق ئەمەلىيىتى يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ پايدىلىق زۆرۈر قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. نۇرغۇنلىغان ماقالىلەردە يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقنى كۆپەيتىش، مەبلەغ جۇغلاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش شۇنىڭدەك جەمئىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم رولى تولۇق تەھلىل قىلىنغان. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى پىكىرنى قوشۇپ قويماقچىمەن: بىرىنچى، يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا پايدىلىق. چۈنكى يەككە ئىگىلىكمۇ، خۇسۇسىي ئىگىلىكمۇ ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇلىدۇ. پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيدىغان كەسىپلەرنى ئىزدەيدۇ. بۇ كەسىپلەردە ئېھتىياج تەمىناتتىن چوڭ بولغاچقا، پايدا تېپىش ئاسان، مەملىكىتىمىزدە ئىلگىرى شەھەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا شەھەرلەرنىڭ سانائەتلىشىشى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچىنچى كەسىپ ئۇزۇن مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرغان ۋە ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن بولغان نىسبىتى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن شەھەرلەردىكى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە ئىگىلىكنىڭ ئەسلىدىكى

ناموۋاپىق بولغان قۇرۇلمىسى تەشكىل قىلدى. ئىككىنچى، يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭغا يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىكنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالىدىغانلىقىدەك ئەھۋالنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى رىقابەت داۋامىدا داۋاملىق ئۆزىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇرلىغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئاشۇنداق ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، پايدا زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت تىجارەت شەكلىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەينەك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىمۇ سەۋەب بولغان.

6. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، كىشىلەر يەككە ئىگىلىكنى، بولۇپمۇ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ھازىرغىچە ھەر خىل يوللار بىلەن ئەيىبلەپ كەلمەكتە. ئۇلار بىرىنچىدىن، يەككە ئىگىلىكنىڭ، بولۇپمۇ خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ دارامىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۈچىنچىدىن، يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئۆزىنىڭ پائالىيىتى جەريانىدا بەزى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە دائىر خاراكتېرى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادىي شەكىلنىڭ تاللىنىشى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى تەرىپىدىن ئەمەس، ئىقتىسادىي شەكىلنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى (ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقى) تەرىپىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ماقالىمىزنىڭ بېشىدا چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتۇق. بىر خىل ئىقتىسادىي شەكىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئۇنى سوبيېكتىپچىللىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق قىلساق، مۇقەررەر ھالدا، ئىقتىسادىي ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ـ دە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىز ئىنتايىن چوڭقۇر. ئەگەر بىز ماركسىزمنىڭ بۇتۇپ

نۇقتىئىنەزەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىنى چۈشىنىشىمىز ئاسانغا توختايدۇ.

7. يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ يۇقىرىراق دارامەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا قانداق قاراش كېرەك، بۇ مۇرەككەپ بىر مەسىلە. مېنىڭچە، بۇنى ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ بىر ئاز يۇقىرى دارامەتكە ئىگە بولۇشى ئورۇنلۇق.

چۈنكى، ئۇلار ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتقان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار يېڭى بازارلارنى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىشقا ماھىر. شۇڭا ئۇلار نورمىدىن ئارتۇق پايدا ئالالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار مەلۇم مىقداردا مەبلەغ سالغان، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، تىجارەت خېيىم - خەتىرىنى زىممىسىگە ئالغان بولغاچقا، نىسبىي ھالدا يۇقىرى دارامەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار كۆپرەك ئەمگەك سەرپ قىلىدۇ؛ ئەمما ئۇلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدە بولىدىغان داۋالىنىش، ھۆكۈمەت ئۆيىدە ئولتۇرۇش، ئۆلۈم ئۇزىتىش، پېنسىيىگە چىقىش، ئۇنۋان باھالاش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەۋجۇت ئەمەس. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەككە، خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ بىر ئاز يۇقىرى دارامەتكە ئىگە بولۇشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەككە، خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ بىر قىسىم دارامىتى تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك: بىرى بەزى، قانۇنغا خىلاپ ۋاستىلەر بىلەن. مەسىلەن، باجنى كەم تاپشۇرۇش، ئالدامچىلىق قىلىش ھەتتا كەسىپنى، بازارنى زورلۇق بىلەن ئىگەللەش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن كۆپرەك دارامەتكە ئىگە بولۇش. بۇ خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى دۆلەتنىڭ بازار باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى كەمچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش، مەسىلەن، كۆپ ئىزلىق باھا تۈزۈمى، شېرىنكانە، پارا بېرىش قاتارلىق. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى باشقۇرغۇچى خادىملىرى بىلەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن تىل بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئېتىبار بېرىلىدىغان قەرزنى، قىس ماددىي ئەشيالارنى، باجنىڭ كېمەيتىلىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، كۆپرەك دارامەتكە ئىگە

بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ئوخشاش، يەككە ئىگىلىكنى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش لازىم.

8. بېيجىڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭدىن كېيىن، يەككە ئىگىلىككە، خۇسۇسىي ئىگىلىككە قانداق قاراش كېرەك؟ مەركەز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5- ئومۇمىي يىغىنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى راۋاجلاندۇرۇشنى، مەملىكىتىمىزدىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پايدىلىق زۆرۈر تولۇقلىمىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ۋە قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنى دۆلەت رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە داۋاملىق راۋاجلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان سەلبىي تەرەپلىرىنى چەكلەش كېرەك. بۇ يەككە ئىگىلىكنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي يەكۈن.

9. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون يىلدىن بۇيان، يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دېگەندەك تەرەققىي قىلالمىدى، شۇڭلاشقا، ئۇلارنى دۆلەت رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ھازىرقى مەسىلە يەككە ئىگىلىكنىڭ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەر خىل ئامىللارنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، يەككە ئىگىلىكنىڭ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. روشەنكى، بۈگۈنكى ۋەزىيەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەت بىلەن

خىلىلا ئوخشاشمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك، خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا خېلى كۆپ مەبلەغ جۇغلاندى. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇ مەبلەغلەرنىڭ سېلىنىشى ئايلىنىشى تەس بولۇپ قالىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى كىشىلەردە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ كەلگۈسى ئورنىغا قارىتا يەنىلا ئەندىشە مەۋجۇت. ئۇلار بۇ مەبلەغ مۈلۈككە ئايلانغاندىن كېيىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىياسەت ئۆزگىرىپ قالسا، زىيان چوڭ بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. گەرچە ئاساسىي قانۇندا خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئورنى ئالمىقاچان ئېنىق بەلگىلەنگەن، گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلار ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ كەلگۈسى ئورنىدىن يەنىلا ئەنسىرىمەكتە. ئىككىنچىدىن، يەككە ئىگىلىكنى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى باشقۇرۇش نىزامىنى ئېنىق بەلگىلەپ، يەككە ئىگىلىكنىڭ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش لازىم. يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كۆپ ھاللاردا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدۇ. قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قاتتىق ـ سوقتى قىلىش، ھەقسىز ئېلىۋېلىش قاتارلىق قىلمىشلار ھازىر بار بولغان يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكلەرنى چىداشلىق بېرەلمىگۈسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۈچىنچىدىن، تەڭسىز رىقابەت قائىدىسىنىڭ مەۋجۇت ئىمكەنلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. خۇسۇسىي كارخانىلار قەرز پۇل ئېلىش، باج تاپشۇرۇش شۇنىڭدەك سىياسىي جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنۋان باھالاش، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى باھالاپ سايلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايدۇ. بۇ ھال بەزى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ نائىلاج كوللېكتىپ كارخانا دېگەن قىزىل قالپاقنى كىيىۋېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

(«نەزەرىيە ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز مامۇت

تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى: زايىت رەھىم

# «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «كىشىلىك ئازادلىق» توغرىسىدا

## — ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى

ياڭ نەيچۇ

بىر - بىرىگە چېتىلىدىغان ھەم بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى تارىخىي دەۋرنىڭ بەلگىسى بولغان «كىشىلىك ھوقۇق» بىلەن «كىشىلىك ئازادلىق» ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەنپەئەت سۇبيېكتىنىڭ ئىرادىسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئىدىيە سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلدى.

### 1. كىشىلىك ھوقۇق — بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى

كىشىلىك ھوقۇقنى ياۋروپانىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇرژۇئازىيىسى فېئوداللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە دىننىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيىتىگە قارشى سىياسىي تەشەببۇس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. فرانسىيىنىڭ 1789 - يىلىدىكى بۈيۈك ئىنقىلابىدا مەيدانغا كەلگەن «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ۋە سىياسىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىسىنى قانۇن شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاساسىي كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ قانۇن چىقىرىشتا ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان تۈپ يېتەكچى پرىنسىپىنى بېكىتكەن. بۇ خىتابنامىنىڭ مەزمۇنىدىن غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىسىنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكى بىزگە مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

«كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ 1. ماددىسىدا: «كىشىلەر تۇغۇلۇشتىلا ۋە ئىزچىل ئەركىندۇر، ھوقۇقتا باراۋەردۇر؛ ئىجتىمائىي پەرق ئورتاق مەنپەئەتنىلا ئاساس قىلىشى مۇمكىن»① دېيىلگەن. بۇ ماددىنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىدە، ئەمەلىيەتتە، ئاتالمىش ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ رېئال جەمئىيەتتە «پەرقلىق» ئىكەنلىكى، ھەر بىر كونكرېت پۇقرا ئۈچۈن ئوخشاش ئەمەسلىكى ئېتىراپ قىلىنغان.

دېمەك، بۇنداق «ئىجتىمائىي پەرق»، «ئورتاق مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان» لىقى ئۈچۈنلا ئەقىلگە مۇۋاپىق. شۇڭا «پەرق» نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبكە ئېتىبار قىلمىسىمۇ بولىدۇ، بۇنداق «پەرق» نى يوقىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. بۇرژۇئازىيىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەركىنلىك دەل مۇشۇنداق پەرقلىق ئەركىنلىك. بىزگە مەلۇم، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ توپ شەرتلىرىدىن بىرى — ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى «ئەركىن» ساتالايدىغان «ئەركىن كىشىلەر» گە ئايلاندۇرۇش. كاپىتالىستلار بولسا ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىۋېلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. مانا بۇ — «ئورتاق مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان» ئەركىنلىكنىڭ «پەرقى». بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئورتاق مەنپەئەت» باشقا نەرسە ئەمەس، كاپىتالىزمنىڭ ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى. بۇنداق تۈزۈمدە، ئەركىنلىكتىكى پەرق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: پرولېتارلار ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنى «ئەركىن» ساتسا بولىدۇ ۋە سېتىشى كېرەك، بۇنداق «ئەركىنلىك» ئەمەلىيەتتە بىر خىل بەختسىزلىك، يېڭى قۇللۇق ئەمگەكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى؛ بۇرژۇئازلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى كاپىتالنىڭ كۈچىگە تايىنىپ «ئەركىن» ئىگىلىسە بولىدۇ، بۇنداق «ئەركىنلىك» ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى بۇلايدىغان ئىمتىياز. يېقىنقى زامان تارىخىدىن سەل - پەل خەۋىرى بار ئادەم ئۈچۈن چۈشىنىشلىككى، بۇنداق «پەرقلىق» ئەركىنلىك ئۇستىلىق بىلەن بۇلاشنىڭ، زورلۇق بىلەن تالاشنىڭ دەل ئۆزى.

مەزكۇر خىتابنامىنىڭ 17 - ماددىسىدا: «مال - مۈلۈك ھوقۇقى — چېقىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس ھوقۇق»② دەپ جاكارلانغان. بۇ يەردىكى «مال - مۈلۈك ھوقۇقى» نى كاپىتالغا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇ — ھېچنېمىسى يوق ئادەم ئۈچۈن بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ، لېكىن بۇرژۇئازلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چېقىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس ھوقۇق. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىگە بولغاندا، باشقىلارغا «چېقىلىش» ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

مەزكۇر خىتابنامىنىڭ 4 - ماددىسىدا: «ئەركىنلىك كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان بارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»③ دەپ بەلگىلەنگەن. 5 - ماددىسىدا: يەنە قانۇن «جەمئىيەتكە زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى چەكلەشكە ھوقۇقلۇق»④ دەپ تەكىتلەنگەن. بۇ يەردىكى «كىشىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەت» بىلەن «جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەت»، ئەلۋەتتە، ئۆز دۆلىتىدىكى ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، باستۇرىدىغان ۋە

باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەلقىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئۇلارنى قىرىدىغان قىلمىش ياكى ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دەل مۇشۇنداق قىلمىش ياكى ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بۇرژۇئازىيە قانۇندىن تۈزۈلگەن بىخەتەر توساققا مۇھتاج بولىدۇ. مۇشۇ توساققا چېقىلغان ھامان، ئۆزىنىڭ «بىخەتەرلىكى» گە تەھدىت سالغان ھېسابلايدۇ. شۇڭا خىتابنامىنىڭ 12 - ماددىسىدا، قانۇن ۋە تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن «ھەربىي - ساقچى كۈچى بولۇشى لازىم»⑤، ھەربىر پۇقرا بويسۇنۇشى شەرت، «قارشىلىق كۆرسەتسە، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ»⑥ دەپ بەلگىلىنىگەن. بۇ ئوپ - ئوچۇقلا بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بىرلا سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسى ياكى ھاكىم مۇتلەقلىقىنى جاكارلىغانلىق.

1789 - يىلىدىكى «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دە: «تەبىئىي، ئۆلمەس كىشىلىك ھوقۇق» «ئەركىنلىك، مال - مۈلۈك ھوقۇقى، بىخەتەرلىك ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت»⑦ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە «زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش» «ئەركىنلىك، مال - مۈلۈك ھوقۇقى، بىخەتەرلىك» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، 1793 - يىلى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا بولسا كىشىلىك ھوقۇق پەقەت «باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، بىخەتەرلىك، مۈلۈك ھوقۇقى»⑧ دەپلا بايان قىلىنغان. ئۇ «زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان»، «تەبىئىي، ئۆلمەس كىشىلىك ھوقۇق» بولۇشتىن قېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىش تارىخنىڭ لوگىكىسىغا تامامەن ئۇيغۇن. بۇرژۇئازىيە مەزلۇملىقتىن يېڭى ھۆكۈمرانغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، چوقۇم قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن ئەمگەكچىلەرنى، بولۇپمۇ پرولېتارىياتنى «زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش» ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، يېڭى سىنىپىي زۇلۇم ئۈچۈن، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس تەييارلايدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ «ئەركىنلىك، بىخەتەرلىك، مال - مۈلۈك» دېگەنگە ئوخشاش «كىشىلىك ھوقۇق» لىرىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. دېمەك، «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆزى ئىمتىياز»⑨، «ئەمگەك كۈچىنى باراۋەر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش كاپىتالنىڭ ئەڭ مۇھىم كىشىلىك ھوقۇقى»⑩.

ئادەم تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ئۆز ھاياتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ھايۋاناتلاردىن ئايرىلىپ چىققان كۈندىن باشلاپلا مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق ئۆز ئارا ئالاقە باغلىدى ۋە ئۇيۇشتى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇئەييەن شەكىلدىكى ئۇيۇشۇش ۋە بىرلىشىش، يەنى جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ماھىيىتىدۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى زۆرۈرىيەت ئالدىدا ئىنسانلار سىنىپلارغا بۆلۈنگەنلىكتىن، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ماددىي مەنپەئەت جەھەتتە زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىق تۇغۇلغانلىقتىن، كىشىلەر ئۆزى ئۈچۈن، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا باشقىلار بىلەن ئالاقە باغلايدىغان، بۇنداق ئالاقە ئارقىلىق ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى كۆزلەيدىغان شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ ئوخشاش مەقسەتتىكى ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ، شەخسنىڭ مۇستەقىللىكىگە قويۇلغان چەك دەپ قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان جەمئىيەتلەر ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىن ئايرىلغان، تاشقى تۈس ئالغان، كىشىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، كىشىنى ئېزىدىغان يات كۈچكە ئايلاندى. بۇ يەردە شەخسنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى، شەخسنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي تاشقىرىدىن كېلىدىغان تاسادىپىيلىقنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق تاسادىپىيلىق، يەنى يات ئىجتىمائىي كۈچنىڭ قارىغۇلارچە رولى كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلدى، كىشى كىشىنى يەيدىغان ھادىسىنى پەيدا قىلدى. بۇنداق تاسادىپىيلىق بەرگەن ھوقۇقتىن ئەڭ زور دەرىجىدە بەھرىمەن بولۇش «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دە داۋراڭ قىلىنغان شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىدۇر. شۇڭا بۇرژۇئازىيە مۇقەررەر يوسۇندا «ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، ھەممە كىشىنىڭ غېمىنى تەڭرى قىلىدۇ» دېگەن گەپنى ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ. بۇ يەردىكى «تەڭرى» گېگېل ئېيتقان «ئاقىلانە دۆلەت». بۇ دۆلەت پەقەت زورلۇقتا (ئادەم ئۈچۈن يات بولغان بىر خىل كۈچكە) تايىنىپ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتنى شۇنىڭدەك ئادەم بايلىقنىڭ قۇلى بولىدىغان، ئادەم ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ خۇسۇسىي نەپسىنىڭ قۇلى بولىدىغان ھالەتنىلا ساقلايدۇ. مەيلى قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈم بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زاماندىكى كاپىتالىزم تۈزۈمى بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇنداق «ئاقىلانە دۆلەت» كە تايانغان ۋە تايانماقتا، ھەممىسى تەبىئىي مۇناسىۋەتنى، تار، ئۆزى بىلەنلا چەكلەنگەن، «ياتلاشقان» ئادەمنى ئاساس قىلغان ۋە قىلماقتا. ماركس

دەل مۇشۇ مەنىدىن: «هازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ كىشىلىك هوقۇقنى ئېتىراپ قىلىشى قەدىمكى زامان دۆلەتلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن مەنە جەهەتتىن ئوخشاش» دېگەنىدى[11].

بۇرژۇئا ئىنقىلابى بىر خىل ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئالىدىغان ئىنقىلاب. بۇ ئۆزگىرىشتە شەكىللەنگەن مەنپەئەت ئىگىلىرى پەقەت جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولىدۇ. لېكىن، بۇرژۇئازىيە بىر تەرەپتىن زور كۆپچىلىك كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى يېپىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تار خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى قىلىپ كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇرژۇئازىيە ئۆزى كۆزلىگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە «كىشىلىك هوقۇق» دەپ ئات قويغان. 200 يىلدىن بېرى، كىشىلىك هوقۇق دېگەن بايراق ئاستىدا، بۇرژۇئازىيە هەقىقەتەن شانلىق يۈرۈشلەرنى قىلدى. ئەمما بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر دەۋرنىڭ بەلگىسى بولغان كىشىلىك هوقۇق شوئارى بەرىبىر زاۋال تاپتى. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشلىرىدا غەربتىكى «مەدەنىي» بۇلاڭچىلارنىڭ قانچىلىك جۇڭگولۇقنى ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئەقەللىي «كىشىلىك هوقۇق» تىنمۇ مەهرۇم قىلغانلىقنى دېمەي تورايلى، جاهانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەنچىڭ خاندانلىقى، شىمال مىلىتارىستلىرى ۋە گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇقنى بوغىدىغان، دېموكراتىك هەرىكەتلەرنى باستۇرىدىغان مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇشىنى قانداق كۈشكۈشلىگەن ۋە قوللىغانلىقىمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، «كىشىلىك هوقۇق» نىڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى جەريانىدىكى رولىغا قارىساقلا، بۇرژۇئا «كىشىلىك هوقۇق» هەرىكىتىنىڭ جۇڭگودا پۈتۈنلەي ۋاقتى ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. جۇڭگودىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ مەردانىلىرى غەربتىن فېئوداللىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشنىڭ بايرىقى بولغان «كىشىلىك هوقۇق» نى تېپىپ كەلدى هەم شۇ يولدا ئەزىز جېنى، ئىسسىق قېنىنى ئايىمىدى، ئىگىلمەي - پۈكۈلمەي، تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى ئويغاتتى. لېكىن ئۇلار جۇڭگودا «كىشىلىك هوقۇق» نى

ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولىنى ھامان تاپالمىدى. جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ يېتەكچىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىم 1924 - يىلى يېڭىباشتىن ئىزاھلىغان ئىنقىلابىي مىللىي مەسلەك، خەلق ھوقۇقى مەسلىكى، خەلق تۇرمۇشى مەسلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ سىياسىي پرىنسىپلا جۇڭگونىڭ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» بولالايدۇ. بىراق ئۇمۇ كوممۇنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىكى سىياسىي پروگراممىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كۈرەش نىشانىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاندىن 1949 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەلگە ئاشتى. غەربلىك جانابلار جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنى «ھوقۇقچىلىق» دەپ قاغايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگودا «كىشىلىك ھوقۇق» نى سوتسىيالىزملا ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە «كىشىلىك ھوقۇق» تىن تارىخىي يوسۇندا ئېشىپ كەتتى.

## 2. كىشىلىك ئازادلىق - پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئالىي غايىسى

پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قارىمۇ قارشى قىلىپ كىشىلىك ئازادلىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «كىشىلىك ھوقۇق» مۇ، «كىشىلىك ئازادلىق» مۇ كىشىگە باغلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى «كىشى» ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت ئىگىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئالدىنقى «كىشى» بۇرژۇئازىيىگە، يەنى ئىنسانلارنىڭ كىچىك بىر قىسمىغا، كېيىنكى «كىشى» پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشى، لېكىن يەنە «ئىشچىلارنىڭلا ئىشى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىشى»⑫ ئىشچىلار سىنىپى «ئەگەر شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇم ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرمىسا، ئۆزىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان، ئېزىۋاتقان سىنىپ (بۇرژۇئازىيە) تىن ئازاد بولالمايدۇ»⑬ ماركسىزم ئىزچىل رەۋىشتە شۇنداق دەپ ھېسابلاپ كەلدىكى، «ھەر بىر كىشى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈلمەيدىكەن، جەمئىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ئازاد بولالمايدۇ» ⑭ شۇنداق نەزەرىيىگە ئاساسلىنىپ، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە پرولېتارىيات ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كوممۇنىزم جەمئىيىتى «ئۇ شۇنداق بىر بىرلەشمە گەۋدىكى، ئۇ يەردە ھەر بىر كىشىنىڭ ئەركىن يېتىلىشى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن يېتىلىشىنىڭ شەرتى بولىدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگەن ⑮ . ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتنىڭ

ئازادلىقى ھەر بىر كىشىنىڭ ئازادلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئازاد-لىقى جەمئىيەتنىڭ ئازادلىقىنى شەرت قىلىدۇ. كىشىنى كىشى ئېزىدىغان ھادىسە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، جەمئىيەت ئازاد بولالمايدۇ، ئادەممۇ ئازاد بولالمايدۇ. «كىشىلىك ئازادلىق» دېگەن سۆزلا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھەر بىر كىشىنىڭ ياكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئازادلىقىنى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «كىشىلىك ئازادلىق» بىلەن «ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى» نىڭ مەنىسى بىر، يەنى ئالدىنقىسىدا ئايرىم - ئايرىم شەخس كۆزدە تۇتۇلغان، كېيىنكىسىدە پۈتۈن ئىنسا-نىيەت كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ يەردىكى «كىشى»، شۈبھىسىزكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يەنى ھەر بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، كىشىنى كىشى ئېزىدىغان ھادىسە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات سەۋىيىسى بەلگىلىگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. كىشىلىك ئازادلىق دېگىنىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. كىشىلىك ئازادلىقنىڭ چىن مەنىسى كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تۈگىتىپ، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن، يەنى سىنىپنى يوقىتىپ، پرولېتارىياتنىڭ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ياشلىق دەۋرىدىكى ماركس كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تۈگە-تىشنى» ئادەمنىڭ ئۆز ئۆزىنى ياتلاشتۇرۇشتىكى شاللىشى» دەپ ئاتىغان، «ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەنلىك»، «ئادەمنىڭ ئۆزىگە، ئىجتىمائىي ئادەمگە قايتقانلىقى» ⑯ دەپ قارىغانىدى. بۇ بايانلاردا گېگېل پەلسەپىسىنىڭ بەزى تۈسلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يېڭى ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ ئۈندۈرمىلىرى بار ئىدى، كېيىن ئۇ «كىشىلىك ئازادلىق» ياكى «ئىنسانلارنىڭ ئازادلىقى» نى ئاخىرقى نىشان قىلغان ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە ئايلاندۇردى. كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق تۈگىتىلگەن، كىشىلىك ئازادلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان پرولېتارىيات جەمئىيىتىدە بۇرۇن تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولغان ئەمگەك كىشىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلىدىغان

ئۆز ئۆزىگە خوجا پائالىيەتكە، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى مەجبۇرىي بىرلىشىش ھەقىقىي شەخسىي ئالاقىگە، بۇرۇن كىشىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا مۇستەقىل تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان ئورتاق گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «ئادەم ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭمۇ ئىگىسىگە، ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە — ئەركىن ئادەمگە ئايلىنىدۇ» ⑰ بۇ — ئىنسانلارنىڭ مۇقەررەرلىك ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈش يولىدىكى ئۇلۇغ سەكرىشى.

كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تۈگىتىش سىنىپنى يوقىتىش دېمەكتۇر. سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق — كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ كەسكىن، ئومۇمىي شەكلى. كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي بىرلىكنى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى يوقاتقان ئاساستىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. «ھازىرقى زاماندىكى ئېزىلگۈچى سىنىپ يەنى پرولېتارىيات ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەتنى سىنىپلارغا بۆلۈنۈشتىن، شۇنىڭدەك سىنىپىي كۈرەشتىن قۇتقۇلدۇرالمايدىكەن، ئۆزىمۇ ئازاد بولالمايدۇ.» ⑱ سىنىپنى يوقىتىش خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئادەم بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى — سىنىپ ئايرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتنىڭ ماددىي ئاساسى، دەل ئەشۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىدىغان، قۇل قىلىدىغان ھادىسىنى پەيدا قىلغان، ئادەمنى قۇلغا ياكى تاۋارغا ئايلاندۇرغاننىدى. شۇڭا كىشىلىك ئازادلىق مۇقەررەر يوسۇندا «خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئىنكار قىلىشنى ئۆزىگە ۋاستە قىلىدۇ» ⑲ مۇقەررەر يوسۇندا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئۆزىگە ماددىي شەرت قىلىدۇ. سىنىپ ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ يوقىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئوخشاش تەدرىجىي تەرەققىياتنى بېسىپ ئۆتىدىغان تارىخىي جەريان. كىشىنىڭ ئازادلىقى، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىمۇ بىر تارىخىي جەريان. بۇ جەريانغا مۇناسىپ دۆلەت شەكلى چوقۇم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بولىدۇ. كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ئىجتىمائىي شارائىت پەقەت پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى تارىخىي دەۋردىلا

تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مەھرۇم قىلىنغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىدۇ، باشقا سىنىپلارنىڭ دىكتاتۇرىسىغا ئوخشاش، ئۇمۇ زورلۇق ۋە باستۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. لېكىن بۇ دىكتاتۇرا بىر لا سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدۇ، ئۇ پەقەت كىشىلىك ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ جەرياندىكى مۇقەررەر بىر باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا پرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى يوقىتىدۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىدا كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. پرولېتارىيات ھۆكۈمران سىنىپلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كونا جەمئىيەت كىشىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا ئەخلاق، كونا ئادەتلەرنى تەدرىجىي تۈگىتىدۇ، يېڭى تۇرمۇشقا مۇناسىپ سوتسىيالىستىك - كوممۇنىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. پرولېتارىيات يەنە دۆلەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنى كۈندىن كۈنگە مول «ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، ھوزۇر - ھالاۋەت ۋاسىتىلىرى بىلەن، بارلىق جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۆرسىتىشكە كېرەك بولغان ۋاسىتىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ» ⑳، كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش كوممۇنىزم نىشانىدا چىڭ تۇرۇش، كىشىلىك ئازادلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشاندا چىڭ تۇرۇش دېمەكتۇر. مانا بۇ — پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتورىسى ئارقىلىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى، سىنىپنى يوقىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي، تارىخىي مۇساپە. كىشىلىك ئازادلىق غايىسى قايسىبىر دانىشمەننىڭ كاللىسىدىكى پەلسەپىۋى خىيال ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان پرولېتارىياتنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ۋە رېئال ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

## 3. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى

بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئىدىيە سىستېمىلىرىدىن بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى قىممەت خاھىشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ

نامايەندىسى بولغان «كىشىلىك ھوقۇق»نىڭ خاھىشى ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاقلاش، كىشىنى كىشى ئېزىدىغان پاكىتنى جېنىنىڭ بېرىچە يېپىش، ھازىرقى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى قوغداش. ھازىرقى زاماندا، ئۇ تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدىكى كونسېرۋاتىپ، ئەكسىيەتچىل ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ نىشانى بولغان «كىشىلىك ئازادلىق»نىڭ خاھىشى كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى پاش قىلىش ھەم ئەمەلىيەت داۋامىدا بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شەرت يارىتىش. ئۇ تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدىكى تەرەققىپەرۋەر، ئىنقىلابىي ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسى ۋە قىممەت خاھىشىنى بىر - بىرىگە ئوخشىتىشقا ياكى بىر قاتارغا قويۇشقا زادى بولمايدۇ.

پرولېتارىياتنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پرولېتارىياتنىڭ ئالىي غايىسى بولغان «كىشىلىك ئازادلىق» ھەر بىر كىشىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە يېتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھەر بىر كىشىدە بولىدىغان ئوخشاش ياكى ئورتاق ھوقۇق بولغاندىن كېيىن، «ھوقۇق»لۇق ئالامەتلىرىنى يوقاتقان بولىدۇ، ھاۋا بىلەن كۈن نۇرىنىڭ ئادەم ئۈچۈن بىر خىل شەرت ۋە ئېھتىياج بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىر خىل شەرتى ۋە ئېھتىياجى بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار تەرەققىي تاپقان ئەركىنلىك ئالىمىدە، يەنى ئادەم ئازادلىققا ئېرىشكەن شارائىتتا، تەبىئەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىردەك بولىدۇ. يېڭى ئىدىيىنى كونا تەپەككۇر رامكىسىغا زورمۇ زور تىقىشنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمايدۇ، ۋەھالەنكى بۇ كونا رامكىنىڭمۇ يېڭى ئىدىيىنى سىغدۇرغۇچىلىكى قالمىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس دەل مۇشۇ مەنىدىن: «بىز باشقا بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن كوممۇنىزمنىڭ سىياسىي ھوقۇققا، خۇسۇسىي ھوقۇققا ۋە ھوقۇقنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى شەكلى يەنى كىشىلىك ھوقۇققا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق»(21) دېگەنىدى.

لېكىن پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى كىشىلىك ھوقۇقنى قارا قويۇقلا ئىنكار قىلمايدۇ. «كىشىلىك ئازادلىق» تىن ئىبارەت ئالىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاش مەنىسىدىن بولسا، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى كىشىلىك ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىدۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. فېئودالىزمنىڭ ھۆكۈمران-

لىقىغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاب جەريانىدا، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى دېھقانلار بىلەن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىپ، ھەتتا ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، «كىشىلىك ھوقۇق» نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ھەم ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھەرىكەتنىڭ كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا يېتەكلەپ، دېموكراتىك ئىنقىلابنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرىدۇ. بۇرژۇئازىيە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن، پرولېتارىيات ئىنقىلابى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن دۆلەتلەردە، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى بۇرژۇئازىيە بەرگەن ياكى ۋەدە قىلغان «كىشىلىك ھوقۇق» تىن، يەنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇقەررەر ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي شارائىتلاردىن بۇرژۇئازىيىگە قارشى قورال ئورنىدا تولۇق پايدىلىنىشى» لازىم㉒. پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دۆلەتتە، پرولېتارىيات پارتىيىسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، خەلق خوجايىن بولىدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىنى تىكلەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى، كاپىتالىزم شارائىتىدا ئاز سانلىق كىشىلەر بەھرىمەن بولغان بۇرژۇئا «كىشىلىك ھوقۇقى» نى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان سوتسىيالىستىك كىشىلىك ھوقۇققا ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىشى لازىم.

بۇرژۇئازىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش نۆۋەتتە خەلقئارا سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى. 70 - يىللاردىن بۇيان، غەربتىكى چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، سىڭىپ كىرىشتە، ئۆزىنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، «كىشىلىك ھوقۇق» نى ئۆچۈقتىن ئوچۇق قورال قىلدى، ئۇلار ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى دەستەك قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىغا ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى كاپىتالىزم يولىنى ياقلايدىغان ئۆكتىچى كۈچلەرنى قۇتراتتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى ۋە قىممەت قارىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىپ،

كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى خورىتىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. رېئال سىنىپىي كۆرەش بىزنى ھەر قانداق بىر ئەخلاق، دىن، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي نۇتۇق، بايانات ۋە تەلىماتنىڭ ئاساسىي قىممەت خاھىشى ۋە سىنىپىي مەنپەئەتىنى بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلماقتا. ئۇنداق قىلمىساق، سىياسىي جەھەتتە كىشىگە ئالدىنىپ ياكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ زىيان تارتىمىز.

دەرۋەقە، سوتسىيالىزم نېمىلا قىلغان بىلەن كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن تۆرەلگەن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا كونا جەمئىيەتنىڭ ئىزلىرىدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەردە تېخى گۆدەك، يېرىك ۋە پىشمىغان، تېخى كەمكۈتسىز بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ئىزدىنىش ۋە سىناق جەريانىدا تەكشەش، ئىجاد قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، خېلى ئۇزۇن يېتىلىش، ئۆسۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. لېكىن مەيلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، مەيلى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى «ئادەم» مەسىلىسىنى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەزمۇن دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىتىۋەتتى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا «ئادەم» مەسىلىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئادەمنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شارائىت يارىتىش مەسىلىسىگە ئايلاندى. شۇڭا، بىز ئېيتقان ئىسلاھات كىشىلىك ھوقۇقنى تۈپ ئۆلچەم قىلمايدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قىممەت مىزانىدىن پايدىلانمايدۇ، ئۇنداق قىلسا، ئەمەلىيەتتە چېكىنگەنلىك بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئىسلاھاتى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قىممەت مىزانى كوممۇنىزم، ئۇنىڭ نىشانى ئادەمنىڭ ئازادلىقى. كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق بۇنداق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈشى، يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش ئارقىلىق كىشىلىك ئازادلىق نىشانىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى تامامەن مۇمكىن. تارىخنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى مانا مۇشۇنداق ئىلگىرىلەش قەدىمىدە ھەققىي نامايەن بولىدۇ.

ئىزاھلار:

①⑦ «چەت ئەللەرنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1962 يىل نەشرى، 525 ـ بەت.
②⑤ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 527 ـ بەت.
③④⑥ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 526 ـ بەت.
⑧ «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» نىڭ 1 ـ توم 437 ـ بېتىدىكى نەقىلدىن.
⑨ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 3 ـ توم، 229 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 23 ـ توم 324 بەت.
⑪ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 2 ـ توم، 145 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 2 ـ توم، 586 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 21 ـ توم، 3 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 20 ـ توم، 318 ـ 319 ـ بەتلەر.
⑮ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 4 ـ توم 491 ـ بەت.
⑯ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 42 ـ توم، 120 ـ بەت.
⑰ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 19 ـ توم، 247 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 21 ـ توم، 248 ـ بەت.
⑲ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 42 ـ توم 139 ـ بەت.
⑳ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 42 ـ توم، 243 ـ بەت.
㉑ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 3 ـ توم، 228 — 229 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش، 1 ـ توم، 258 ـ بەت.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» نىڭ 1990 ـ يىل 6 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇ مەخۇن

# تۈبۈتلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

جاڭ يۈن

تۈبۈتلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ۋە چېگرا رايوننى ئېچىش تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەن بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەر ۋە خەنزۇچە، زاڭزۇچە يازما يادىكارلىقلار ئاساسىدا يۇقىرىقى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. تۈبۈتلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئالاقىسى

تۈبۈتلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسى مىلادى VII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە باشلانغان. زاڭزۇچە يازما يادىكارلىق «دۇنخۇاڭدىكى تۈبۈتلار تارىخىغا دائىر پۈتۈكلەر» دېگەن كىتابتا چىلۇنزەن (لاڭرى سۇڭزەن) دەۋرىدە، ئۇنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ سابىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، سىنبوجىيىنى مەغلۇب قىلغانلىقى، سابىلارنىڭ شاھزادىسى ماڭبوجىيىدرۇگۇ (تۈرك) يۇرتىغا قاچقانلىقى خاتىرىلەنگەن①. سىنبوجىي يەنى «سۇنبۇجىي» مۇ سابىلارنىڭ خانى. يۇقىرىقى كىتابتىكى «سىنبوجىيدا جياۋۋ»، «سىنبوجىيچى باڭسۇڭ» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سابىلارنىڭ خانلىرىدۇر. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 221-جىلدتا: «سابىلار ئەسلىدە غەربىي چياڭ قوۋمى بولۇپ، تۈبۈتلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، ئۇلارنىڭ لەقىمى سۇنبو بولۇپ، ھەر قايسى قوۋملار ئىچىدە ئەڭ چوڭ قوۋم ئىدى» دېيىلگەن. لاڭرى سۇڭزەن دەۋرىدە، سابىلار ئاساسەن چياڭتاڭ (بۈگۈنكى شىمالىي شىزاڭ رايونى) دا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جاينىڭ شى-

مالىي قىسمى غەربىي يۇرتقا تۇتىشاتتى. شۇڭا، ماگبوجېي «درۇگۇ» رايونىنى قېچىپ پانالىنىدىغان جاي قىلغان.

«مەملىكىتىمىزدىكى ئالىملارنىڭ «درۇگۇ» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئانچە ئوخشاشمايدۇ. جاڭ يىسۇن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «زاڭزۇچە-خەنزۇچە لۇغەت»تە، درۇگۇ «قەدىمكى ئالىنىڭ شىمالىدىكى، خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك جاينىڭ نامى» ② دېيىلگەن؛ ۋاڭ ياۋچېڭ «درۇگۇ»نى «تۈرك» دەپلا تەرجىمە قىلغان ③؛ دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى P.246 - نومۇرلۇق «زاڭزۇچە - خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى»دا بولسا، «درۇگو» «تۈركەشلەرنى»، «خورلار» «ئۇيغۇرلار»نى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن، P2762 - نومۇرلۇق قول يازمىدا «درۇگۇ» لار «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. بىزگە مەلۇمكى، «درۇگۇ» تۈركلەرنى كۆرسەتكەن ۋاقىت ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك، ھالبۇكى «درۇگۇ» لار بىلەن «ئۇيغۇرلار»نىڭ رەسمىي قوشۇلغان ۋاقتى مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىش. شۇڭا، دەسلەپكى چاغلاردا تۈبۈتلار بىلگەن «درۇگۇ» ئاساسەن غەربىي يۇرتتا ياشىغان تۈركىي تىللىق قوۋملارنى، جۈملىدىن تۈركەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاراشلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى قارىشى ئاساسەن بىردەك.

فىرانسىيىنىڭ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، پېللىئوت يىغىپ توپلىغان P.T.960 - نومۇرلۇق زاڭزۇچە يازما يادىكارلىق «ئۇدۇننىڭ دىنىي قانۇن تارىخى»دا ئۇدۇنلۇق راھىبلارنىڭ جەنۇبقا - تۈبۈتقا بارغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، VII ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۇدۇندا بۇتلارنى چېقىپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، راھىبلار تۈبۈتتىكى زەنپۇ (سۇڭزەنگەنبۇنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ مۇقەددەس دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، راھىبلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈبۈتقا كېتىشكە بىردەك قوشۇلغان. ئۇلار «زارما» دىن يولغا چىقىپ «جۇدىر»غا بارغان، ئاندىن «مەسخىر» ئارقىلىق تۈبۈت خانلىقىنىڭ مەركىزىي بازىسى — لخاسا (بۇگۈنكى لاسا)غا بارغان، «دەل مۇشۇ چاغدا، تۈبۈت زەنپۇسى (خانىت) خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن قۇدا - باجا بولۇشقان، مەلىكە ۋېنچېڭ تۈبۈت زەنپۇسىغا ياتلىق قىلىنغان. مەلىكە تۈبۈتتا ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانا سالدۇرغان، ئىبادەتخانىغا يەر - زېمىن ۋە قۇل، چارۋا ھەدىيە قىلغان. بارلىق راھىبلار شۇ يەرگە بارغان، مەلىكە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغان، تۈبۈتتىكى

ماھسايادىلارنى تېخىمۇ روناق تاپقان.» ④ زاڭزۇچە يازما يادىكارلىق «خەنزۇچە زاڭزۇچە تارىخنامە» نىڭ «ئۇدۇن خانلىرى» دېگەن پاراگرافىدا مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاشمايدىغان، يەنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەلۇمات بار، ئۇنىڭدا ئۇدۇن ۋە سۇلې (قەشقەر)، ئەنشى قاتارلىق جايلارنىڭ «خەنزۇلار، خېمىيەنلەر (تۈبۈتلار)، سوغدىلار، تۈركلەر، غۇزلار» تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار ۋە تۈبۈتتا بۇددىزم ئەمدىلا روناق تاپقان چاغدا، ئۇدۇندا بۇددا دىنى دەپسەندە قىلىنغاچقا، ئۇدۇن راھىبلىرى ئارقا - ئارقىدىن تۈبۈتقا قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىرلەنگەنلىكىگە دائىر ۋەقەلەر تونۇشتۇرۇلغان. ئاخىردا يەنە مەلىكە ۋېنچېڭنىڭ ئۆلۈمىگە دائىر، ئۇدۇندا بۇددا دىنى دەپسەندە قىلىنغاندا، ئۇدۇن راھىبلىرىنىڭ يەنە غەربكە قاچقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان ⑤. بۇنىڭدىن بۇ ۋەقەنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، (1) غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇنلۇقلار چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تۈبۈتلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پۇختا بىلىپ تۇرغان؛ (2) غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى ئۇدۇن ئارقىلىق تۈبۈتقا تارقىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا روناق تېپىشى ۋە تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

«خانلارنىڭ ئېنىق نەسەبنامىسى» دا تۈبۈتتىكى «ئالتە دانىشمەن ئىچكى ۋەزىر» ئىچىدە، «خور» لاردىن شياڭبۇجياجېچىنساڭ ئىسىملىك بىرسى بار، ئۇنىڭدىن باشقا، خورلاردىن يەنە چاشيۇرېنبۇنى سۇڭزەن گەنبۇ سابى رايونىغا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار «كۆيبېن» قىلىپ تەيىنلىگەن ⑥. «خور» دېگەن سۆز تۈبۈتلارغا تاڭ سۇلالىسىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «خورلار» غەربىي شىمالدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتەتتى. «خور» «胡» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تۈبۈتلاردا «خور» دېگەن نام ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان غەربىي يۇرتتا ماكانلاشقان تۈركلەر ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، بۈگۈنكى زاڭزۇچىدە «خورپا» (شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى چارۋىچى) «خوردۇر» (شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى چارۋىدار) دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ، بۇلار «خورلار» شىمالدا ئولتۇرىدۇ، شىماللىقلار «خورلار» دېگەن لوگىكا جەھەتتە ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئۇقۇملارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. بەزىدە «خور» دېگەن نام «دروگۇ» (تۈرك) ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن ناملار بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىپ، شىمالدىكى تۈركىي تىللىق مىللەت - قەبىلىلەرنى كۆرسەتكەن. «خور» دېگەن نام-

نىڭ موڭغۇللارنىمۇ كۆرسەتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئىش. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن تۈركلەرنىڭ تۈبۈت خانلىقى ئوردىسىدا ۋەزىر بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

تۈبۈتتا تۇرغان غەربىي يۇرتلۇق تۈركلەرنىڭ بەزىلىرى بىناكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئىبادەتخانىلارنى سېلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشقان. سۇڭزەنگەنبۇ دەۋرىدە، ئۇنىڭ خەنزۇ مەلىكىسى ۋېن چېڭ بىلەن نېپاللىق مەلىكىسى چىزۇن «جىن - ئالۋاستىلار» نى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، لاسادا چوڭ - كىچىك ئىبادەتخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ شۆبە ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان، «ئايال ئالۋاستىنىڭ سول پۇتىنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن شىمالدا ساڭبالۇكېين ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان، خورلاردىن بابىياننى ئىش بېشى قىلغان» ⑦، يەنە بىر زاڭزۇچە يازما يادىكارلىق «ئاقىللارنىڭ خۇشال زىياپىتى» دە ئالۋاستىنىڭ سول قولىنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن، تۇخارلاردىن بولغان ئىش بېشى مېنيۆ دېگەن يەردە جىيېچۈي ئىبادەتخانىسىنى سالغانلىقى؛ ئايال ئالۋاستىنىڭ ئوڭ پۇتىنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن خورلاردىن بولغان ئىش بېشىنىڭ باشچىلىقىدا نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭما ئىبادەتخانىسىنى سالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇلار تۈبۈتنىڭ دەسلەپكى بۇددا دىنى بىناكارلىقىغا غەربىي يۇرتتىكى تۈرك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە قان تەرى سىڭگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈبۈتلارنىڭ ھەربىي كۈچى لاگرى سۇڭزەن دەۋرىدىلا غەربىي يۇرتقا كېڭەيگەن. «ئاقىللارنىڭ خوشاللىق زىياپىتى»دە ئېيتىلىشىچە، تۈبۈتلار دۇرۇگۇ رايونىغىچە بولغان جايلارنى بويسۇندۇرغان. «لاداق خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» دىمۇ لاگرى سۇڭزەن دەۋرىدە «رگياگار (ھىندىستان)، دۇرۇگۇ (تۈرك) ۋە غەرب تەرەپتىكى گىنياۋجۇر قاتارلىق جايلارنىڭ خانلىرىنى ئىتائەت قىلدۇرغان» لىقى تىلغا ئېلىنغان ⑧. گەرچە بۇ يەردە ئېيتىلغان «تۈرك» رايونى غەربىي يۇرتنىڭ مەركىزىي قىسمى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

سۇڭزەن گەنبۇ دەۋرىدە، ئۇ يەنە ئەمەلدار ئەۋەتىپ تۈرك رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «سۇڭزەن گەنبۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى،» خاتىرىلىنىشىچە، خان سۇڭزەن گەنبۇ دەيچىساڭلوزەننى شىمالدىكى تۈركلەرگە، بارلارغا «گەيبىن» قىلىپ تەيىنلىگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان خورلارنىڭ تۈبۈتتا ئەمەلدار بولغانلىقى توغرىسىدىكى ۋە بۇ يەردە ئېيتىلغان تۈبۈتلارنىڭ تۈرك رايونىغا ئەمەلدار ئەۋەتكەنلى-

كى توغرىسىدىكى مەلۇمات تۈبۈتلارنىڭ بىر قىسىم تۈرك رايونىنى ئىگىلىگەن ۋە سورىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ ھەقتە «ئاقىللارنىڭ خۇشاللىق زىياپىتى» دە تېخىمۇ ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، خان سۈڭزەن دەۋرىدە، ئۇ شەرقتىكى زەنمى، شىڭمى، جەنۇبتىكى لويۇيەن، غەربتىكى شياڭشيۇڭ ۋە تۈركلەر، شىمالدىكى خور، ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بەيئەت قىلدۇرغان ⑨. «تۈرك»، «خور» ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىلارنىڭ بىر ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنىشى تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۈرك قاتارلىق قوۋملارنى تېخىمۇ ياخشى بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن لاڭرى سۈڭزەن قوشۇن ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتنى ئىگىلەپ، تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىن سۈڭزەن گەنبۇ تۈرك، خور، ئۇيغۇرلارنى بەيئەت قىلدۇرغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولغان، يەنى لاڭرى سۈڭزەن ئۆلگەندىن كېيىن سابىق قاتارلىق تەۋە قوۋملار ئىسيان كۆتۈرگەچكە، تۈرك زېمىنىمۇ بىر مەھەل قولدىن كەتكەن، سۈڭزەن گەنبۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەنە زېمىننى كېڭەيتىپ، شىزاڭ تۈركلىرىنىڭ بەزى زېمىنلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

## 2. تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ئىشغالىيىتى

تۈبۈتلار خېلى بۇرۇنلا ھەربىي كۈچىنى غەربىي يۇرتقا كېڭەيتكەن ۋە خېلى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتقا ئەمەلدار ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەقىقىي تىكلىنىشى سۈڭزەن گەنبۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىش. مىلادى 650-يىلى سۈڭزەن گەنبۇ ئۆلگەندىن كېيىن نەۋرىسى - ماڭسۇڭ ماڭزەن ئۆسمۈر چېغىدا ۋەلىئەھد بولغان. ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇق پۈتۈنلەي گار جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، تۈبۈتلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى شۇنىڭدىن باشلانغان.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈبۈتلار تۇيغۇنلارغا، تاڭغۇتلارغا ۋە تاڭ سۇلالىسىگە ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە، غەربىي يۇرتقا قاراتقان ھۇجۇمىنىمۇ كۈچەيتكەن. «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈبۈت تارىخىغا دائىر يازمىلار» دا مىلادى 662 - يىلى تۈبۈتلاردىن دالۇن دۈڭزەن يۈيسۈگىنىڭ توخار رايونىدىن شياشيۇڭ (بۈگۈنكى شىزاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالى ئەتراپلىرى) رايونى ئۈچۈن ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يىغقانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تۈبۈتلار غەربىي يۇرتقا كىرگەندىن كېيىن، يا ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرغان، يا ئالداپ ئۆز يېنىغا تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ شۇ يەردىكى تۈرك قاتارلىق قەۋملار بىلەن بىرلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن، ئۇلار بېسىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىدە ئىشەنچلىك تايانچ بازىغا ئېرىشكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئەمەلىي ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن.

يەنە «خەنزۇچە — زاڭزۇچە تارىخنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇن خانى ۋىساگۇي لۇگىۋاڭ (ئەجدەرھا خان) نىڭ نەسىھىتىگە بىنائەن داۋۇندىكى ئىبادەتخانىنى سالدۇرغان چاغدا، «تۈبۈت خانى ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئىبادەتخانا تۈبۈتلارنىڭ ۋەزىرى غار دۇڭزەن ئۇدۇنغا كەلگەن چاغدا سېلىنغان.»⑩

تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈبۈتلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش نەپسىنى تېخىمۇ قاقىلداتتى، زەنپو شەخسەن يېڭى ئىشغال قىلىنغان رايوننى بىۋاسىتە كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ھەربىي پىلان تۈزگەن ۋە ئەسكەرلىرىنى رىغبەتلەندۈرگەن. «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈبۈت تارىخىغا دائىر پۈتۈكلەر» نىڭ چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسىدە، «چاشقان يىلى (664 — يىلى) غا كەلگەندە، زەنپو شىمالىي چېگرىنى كۆزدىن كەچۈردى» ⑪ دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «شىمالىي چېگرا» ئۇدۇندىن شاجۇغىچە بولغان لىنىيىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ تۈبۈتلار يېڭى ئىشغال قىلغان رايون ياكى ھۇجۇم نىشانى. 2-يىلى (665 — يىلى) سۇلېلىقلار، ئالمالىقلىقلار تۈبۈتلارنى باشلاپ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەن ⑫. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن تۈبۈتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.

زاڭزۇچە — خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، تۈبۈتلارنىڭ شىمال تەرەپتىكى ئۇرۇش سېپى خېلى ئۇزۇن بولغان، ئۇلار شىمالدا ئېگىز كۆئىنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرگەندىن باشقا، يەنە ئالدى بىلەن شەرقىي شىمالدىكى قەۋملارنى يوقىتىش، ئاندىن غەربتە غەربىي رايونغا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى قوللانغان. تۈبۈتلارنىڭ شەرقىي شىمالغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى بىر تەرەپتىن، تۇيغۇن، تاڭغۇت، بەيلەن قاتارلىق قەۋملارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، مال - مۈلۈك بۇلاپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقتە تاڭ سۇلالىسىنى بۇلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزۈشنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قاي-

سى ھۆكۈمرانلىق نۇقتىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، غەربىي يۇرت-
نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش غەرىزىگە يېتىشنى مەقسەت قىلغان. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ
كونا تارىخى. تۈبۈت تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى
لىن دېدىن كېيىن، تۈبۈتلار تۈيغۇن، بەيلەن ۋە تاڭغۇت قاتارلىق قوۋملارنى ئار-
قا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. لۇڭ-
شۇنىڭ 3 - يىلى (663 - يىلى)، تۈبۈتلار چىڭخەيدىكى سەيدام ئويمانلىقىدا يا-
شاۋاتقان تۈيغۇنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسلىدە تۈي-
غۇنلارغا تەۋە بولغان چالمادان (چەرچەن)، چاقىلىق قاتارلىق جايلارنى ئىگىلە-
ۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شەرق تەرەپتىن غەربىي يۇرتقا كېڭەيتكەن.

مىلادى 668 - يىلى تۈبۈتلار «جىماگولى» (几玛郭勒) دا پوتەي ياسىغان.
ياپونىيىلىك ئالىم زوتىڭچاڭ بۇنى «جىما گولى» ئارقىلىق «چالمادان بەگلىكى» گە
ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ ⑬، بۇ خىل قاراش ناھا-
يىتى ئورۇنلۇق. چالمادا ندا پوتەي ياساش تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۇجۇم
قىلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمىتىدۇر. مىلادى 670 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەن-
دە، «تۈبۈتلار غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى ئىگىلىۋالغان، يەنە ئۇدۇنلۇقلار
بىلەن بىللە كۇسەندىكى بارخان شەھىرى (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى ئاقسۇ) گە ھۇ-
جۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىشغال قىلغان. تاڭ سۇلالىسى «كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىت
(قارا شەھەر)، سۇلې (قەشقەر) تۆت ھەربىي كەنتنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.» ⑭
كونا - يېڭى «تاڭ سۇلالىسى تارىخى. تۈبۈت تەزكىرىسى» دە يەنە تۈبۈتلار-
نىڭ بارخان شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن شۇنى
بىلىشكە بولىدۇكى، تۈبۈتلار غەربىي يۇرتتىكى تۆت ھەربىي كەنتنى ئىشغال
قىلىشتا، ئۇدۇن بىلەن چالمادا ندىن ئاتلىنىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى
(تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكى) نى بويلاپ كۇسەن قاتارلىق جايلار-
غا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. زاڭزۇچە يازما يادىكارلىقتا خاتىرىلىنىشىچە،
شۇ يىلى تۈبۈتلار «جىماگۇلى» يەنى چالمادان بەگلىكىدە تاڭ سۇلالىسى قو-
شۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ⑮. بۇمۇ غەربتە بارخان شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ۋەقە
بىلەن ئاز - تولا مۇناسىۋەتلىك.

شۇنىڭدىن كېيىن تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرىكىتى تېخىمۇ كۆپەي-
گەن. مىلادى 675 - يىلى تۈرك رايونىدىكى چارۋىلارغا يۇقۇملۇق كېسەل تارقال-
غان. شۇ يىلى، تۈبۈتلار بۈيۈك سەركەردە لۇنزەننى قوشۇن باشلاپ تۈرك را-

يونغا ئەۋەتىپ، كىروم (بۈگۈنكى قۇمۇل) نى قايتۇرۇۋېلىپ، بېسىۋېلىش دائىرى-
سىنى قېيىنمۇ كېڭەيتكەن. مىلادى 679 - يىلى 6 - ئايدا، تۈبۈتلارنىڭ ئون ئوق
قاغانى ئاشنادۇچ ۋە سەركەردە لىجېي بىلەن بىرلىشىپ ئەنشىگە قىستاپ كەلگەن.
نەتىجىدە ئون ئوق تۈركلىرىنىڭ سەردارى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىجۇ ئايمىقىدىكى
دورغابى فېي خاڭجيەن تەرىپىدىن ئالداپ تۇتۇۋېلىنغان. لېكىن تۈبۈتلارنىڭ غەر-
بىي يۇرتنى كونترول قىلىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. شۇڭا
خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا يۈڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (680 - يىلى) 7 - ئاي-
دا، تۈركلەر ياڭتۇڭلار، تاڭغۇتلار ۋە چاڭ قوۋملىرىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ،
زېمىن دائىرىسىنى شەرقتە لياڭجۇ، سۇڭجۇ، ماۋجۇ، كاۋجۇ قاتارلىق ئايماقلارغا
جەنۇبتا رگىياگار (ھىندىستان) غا تۇتاشتۇردى، غەربتە كۇسەن، سۇلې قاتارلىق
تۆت ھەربىي كەنتنى ئىشغال قىلدى، شىمالدىكى زېمىنى تۈرك زېمىنغا تۇتاشتى،
زېمىنىنىڭ كەڭلىكى 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئاشتى، دېيىلگەن ⑯. زاڭزۇچە تارىخنا-
مىلەردىمۇ تۈبۈتتا چىدۇسوڭ (يەنى دۇسوڭماڭبۇجې، 676 — 704 - يىللار) زەن-
پو ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئىلگىرىكى خانلاردىن ئۈس-
تۈن ئىكەنلىكى، تۈرك قاتارلىق جاھاندىكى باشقا قوۋملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا
بەيئەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان⑰. مىلادى 687 - يىلى تۈ-
بۈتلاردىن دالۇن چىنلىڭ يەنە قوشۇن باشلاپ تۈركلەرنىڭ گۇزانيۇل دېگەن
جايغا بېرىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەن، 689 -
يىلغا كەلگەندە ئاندىن يۇرتقا قايتقان ⑱.

لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىش ۋە-
زىيىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولغان. مىلادى 692 - يىلى 10 - ئايدا، تاڭ سۇلال-
سىنىڭ ۋۇۋېيدىكى قوشۇنىنىڭ باشبۇغى ۋاڭشياۋجېي بىلەن ھەيۋەتلىك مۇھاپى-
زەتچى سانغۇن ئاشنا جۇڭجېي قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تۈبۈتلار-
نى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلې، سۇيئاب تۆت ھەر-
بىي كەنتنى قايتۇرۇۋالغان، كۇسەن، (بۈگۈنكى كۇچا) دە ئەنشى تۇتۇق ھىرا-
ۋۇل مەھكىمىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ، 30 مىڭ خەنزۇ ئەسكەر بىلەن ئۇنى مۇھا-
پىزەت قىلغان. مىلادى 694 - يىلى 2 - ئايدا، ۋاڭ شياۋجېي يەنە تۈبۈتلاردىن
زەنرېن، تۈرك قاغانى ئاشنا شۈزى قاتارلىقلارنى لىڭچۇەن بىلەن دالىڭدا مەغلۇب
قىلغان⑲. ئاشنا شۈزى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. تۈبۈت تەزكىرىسى» دە
خاتىرىلەنگەن، تۈبۈتلار تىكلىگەن «قورچاق خان»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان

تۈبۈت تارىخىغا دائىر پۈتۈكلەر»دە «تون يابغۇ قاغان» دەپ ئاتالغان كىشىدۇر. مىلادى 694 - يىلى «تون يابغۇ قاغان سالامغا بېرىپ»[20]، تۈبۈتلارغا تارتۇق تەقدىم قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن پانا تىلەش ۋە ياردەم سوراشتۇر. شۇ يىلى 9- ئايدا، تۈبۈتلارنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى لۈنچىنلىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىللە ئون ئوق تۈركلىرىنىڭ زېمىنىغا تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلغان، پادىشاھ ۋۇزېتيەن بۇ تەلەپكە قوشۇلمىغان.

مىلادى 700 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى بىر ئاز پەسەيگەن، تۈركلەرنىڭ «تون يابغۇ قاغانى» تۈبۈتتىن ئۆز قوۋمى ئارىسىغا قايتىپ كەلگەن. تۈبۈتلار غەربىي يۇرتتىكى ئۆز يېنىغا تارتىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن، مىلادى 718 - يىلى ئۇلار شىمالىي تۈركلەردىن قۇتلۇغ بىلەن ئالاقە باغلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى سۇيىقەست پىلانلىغان. «كىتابلار جەۋھىرى»، 999 - جىلد، يات ئەۋە قوۋملارنىڭ ئۆز ئارا سودىسى توغرىسىدىكى بابتا خاتىرىلىنىشىچە، شۈەنسۇڭ كەييۈەن 15 - يىلى (727 - يىلى) تۈبۈتلار يەنە تۈركلەرنىڭ شادىغا خەت يېزىپ «بىرلىكتە بېسىپ كىرىشنى تەكلىپ قىلغان»، شاد بۇ خەتنى تاڭ سۇلالىسىگە يوللاپ بەرگەچكە، ئۇلارنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. مىلادى 729 - يىلى تۈبۈتلاردىن دالۈن ساڭزەيجى سۇمايۈەن يىغىن ئېچىپ ئىستىپاق تۈزۈشنى مەسلىھەتلەشكەن، زاپاس قوشۇنغا ئېلىنىدىغان ئەسكەرنى كۆپەيتكەن، قوشۇن باشلاپ شىمالدا تۈرك رايونىغا بېسىپ كىرگەن، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كەتكەن[21]. بۇ غەربىي يۇرتتىكى پايدىسىز ۋەزىيەتنى ۋاقىتنچە ئوڭشاپ، ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تېخى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادى 736 - يىلى تۈبۈتلارنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى شۈلۈچياۋبۇ چىچيۈڭ قوشۇن باشلاپ تۈركلەرگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىغان.

زەنپۇچىسۇڭ دېزەن (754—797 - يىللار) ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، تۈبۈتلار ھەربىي كۈچ جەھەتتە تازا قۇدرەت تاپقان. بۇ چاغ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «ئۆڭلۈك - سۆيگەن توپىلىڭى» (ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ توپىلىڭى) يۈز بەرگەن ۋاقىت بولۇپ، سەرخىل ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئاتلانغاچقا، چېگرا رايونلارنىڭ مۇداپىئەسى بوش قالغانىدى.

تۇبۇتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خېشىنىڭ لۇڭيو رايونىنى ئاسانلا قوشۇۋالغان. «يېڭى تاڭنامە» 40 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى. لۇڭيو ئايمىقى ھەققىدە» دە: «ئۆڭلۈك توپىلىڭىدا خېشىدىكى لۇڭيونىڭ غەربىي جىمىقىپ كەتتى، ۋۇدۇ، خېچۈەن، خۇەيداۋ قاتارلىق ئايماقلارنىڭ ھەممىسى تۇبۇتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ...... جېنيۈەننىڭ 3 - يىلى، ئەنشى، بېشبالىق، لۇڭيو ئايماقلىرىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى قولدىن كەتتى» دېيىلگەن. زاڭزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىمۇ «تۇبۇتلارنىڭ بۈيۈك سانغۇنى ۋېي زەنرېتىلۇ قاتارلىقلار قوشۇن باشلاپ شياۋ چېڭ شەھىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھەر قايسى قوۋملارغا ھۇجۇم قىلىپ 18 شەھەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئىگىلىدى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئەل بولىدى. دۆلەتنىڭ ھەيۋىسى يىراق جايلارنىمۇ زىلزىلىگە سالدى، لۇڭشەن تاغلىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى كونتروللۇقىمىز ئاستىغا چۈشتى، بەش ئايماققا بەش ساتراپ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بىر رايونغا سىلاۋچى تەيىنلەندى» دەپ خاتىرىلەنگەن㉒. بۇ تۇبۇتلارنىڭ خېشىدىكى خېلۇڭ رايونىنى قوشۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتنى قايتىدىن ئىگىلىگەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى.

تۇبۇتلارنىڭ بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىشى ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدىكى بىر قەدەر كەسكىن ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 5-يىلى توغرىسىدىكى مەلۇماتتا خاتىرىلىنىشچە، «دەسلەپتە ... بېشبالىق بىلەن ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن ئىكەن، ... يەنە شاتولاردىن 6000 ئۆيلۈكتىن كۆپرەك كىشى بېشبالىققا تۇتاش جايدا ياشىغان، ئۈچقارلۇق، ئاق كىيىملىك تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى نەچچە قېتىم بۇلىغان. تۇبۇتلار قارلۇقلار، ئاق كىيىملىك تۈركلەر بىلەن بېشبالىققا ھۇجۇم قىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك ۋەزىرى ئەل ئىگىسى قوشۇن باشلاپ بېشبالىقنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا بارغان.»㉓ ئەمما ئۇلار تۇبۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىغا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ بېشبالىقتىكى ھەر قايسى قوۋملار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىيالمىغانلىقى سەۋەب بولغان. مىلادى 790 - يىلى، ئۇيغۇرلار نەچچە 10 مىڭ سەر خىل ئەسكەر ئارقىلىق خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇتۇق ھىراۋۇلى ياڭشىگۇ بىلەن بىللە بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، يەنە تۇبۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان، ئەس-

كەرلىرىنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتكەن. 2 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك ۋەزىرى ئەل ئۆگىسى قوۋمىنى باشلاپ تۈركلەر، قارلۇقلارغا يەنە زەربە بېرىپ، بېشبالىقنى تارتىۋالغان ھەمدە ئەسىرلەرنى تاڭ سۇلالىسىگە ھەدىيە قىلغان㉔. شۇ ئارقىلىق تۈبۈتلارنىڭ بېشبالىق ئەتراپلىرىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنى توسقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈبۈتلار بېشبالىق رايونىدىن چېكىنىپ چىققان. خەنزۇچە «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا، بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلىنىپ، «قارلۇقلار، تۈبۈتلارغا ھۇجۇم قىلدىم، تۇغ - ئەلەملىرىنى سۇندۇردۇم، ئۇلارنى شىمالغا قوغلاپ باردىم. غەربتە پەرغانىگە يېتىپ باردىم، خەلقى ۋە چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدىم» ㉕ دېيىلگەن. لېكىن تۈبۈتلار بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى (تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) دا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. «مەزكۇر خان (چىسۇڭ دېزەن) دەۋرىدە، شىلۇچسۇراگمۇشيا قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇننى قايتۇرۇۋالغان، خەلقىنى ئۆزىگە قاراتقان ۋە ئۇلاردىن ئالۋان - سېلىق ئالغان»㉖. شۇنىڭ بىلەن تۈبۈتلار ئۇدۇننى قايتىدىن ئىگىلىگەن.

مىلادى 793 - يىلى تۈبۈتلار ئاخىر شىجۇ (بۈگۈنكى تۇرپان) نى بويسۇندۇرغان㉗. شۇنىڭدىن كېيىن تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چوڭراق ھەربىي ئىستىلاچىلىق ھەرىكىتى ئاساسەن ئاياقلاشقان ھەمدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويغان.

## 3. تۈبۈتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى غەربىي يۇرت مىللەتلىرى

شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەردىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا㉘، غەربىي يۇرتتا، ئاساسلىقى، ئۇدۇنلۇقلار، تۇيغۇنلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار، سوغدىلار ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان چاڭ قوۋملىرى تۈبۈتلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۈبۈتلارنىڭ «ھەربىي ئىشغالىيىتىدىكى رايونىنىڭ پۇقراسى بولغاچقا، تەقدىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.»

1. ئۇدۇنلۇقلار ئۇدۇن تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى مۇھىم ھەربىي بازىلىرىنىڭ بىرى، تارىشا پۈتۈكلەردە ئۇدۇنغا دائىر پارچە - پۇرات مەلۇمات خېلى كۆپ، ئۇلاردىن ئۇدۇنلۇقلارغا دائىر مۇنداق ئىككى ئەھ-

ۋالنى بىلىشكە بولىدۇ: بىرى، ئۇدۇنلۇقلار تۇبۇتلارنىڭ يېڭى ئىشغالىيەت رايونىنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇبۇتلارنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنىغا ئاشلىق، باج - سېلىق تاپشۇرغان، يەنە بىرى، ئۇدۇنلۇقلار يەنە تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار ئارا ماددىي بۇيۇم توشۇش ئالۋىڭىغا ئىشلىگەن.

تۇبۇتلار بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتا ئوتتۇرىغا چىققاچقا، تەبىئىيكى، ئۇدۇنلۇقلارغا مىللىي زۇلۇم سالغان، بۇ ئەھۋال 373 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە ئەكس ئېتىلىدۇ. بۇ پۈتۈك تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا يازغان دوكلاتى بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇ يەردىكى ئۇدۇنلۇقلار بىلەن تۇبۇتلار يايلاق جەھەتتە كېلىشەلمىسە، ئۇدۇنلۇقلار باشقا جايدىن يايلاق تاپسا بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتا مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىشا پۈتۈكتە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەلىرىگە دائىر مەلۇماتلار، يەنى پوستا تۇرماي قېچىپ كېتىش، مۇھاپىزەت ئېغىزلىرىنى ساقلايدىغان كىشى بولماسلىقتەك ئەھۋاللارغا دائىر مەلۇماتلار چېلىقىدۇ.

2. تۇيغۇنلار غەربىي يۇرتتىكى تۇيغۇنلار، ئاساسلىقى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، يەنى چالمادان، چاقىلىق ئەتراپلىرىدا ياشىغان، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ غەرب تەرىپى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاش ئىدى. تۇبۇتلار تۇيغۇنلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، تۇيغۇن قوۋملىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان ئاساسلىق ھەربىي كۈچ قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە كەڭ تۇيغۇن خەلقىگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تۇبۇتلار تۇيغۇنلاردىن 10 مىڭ كىشىنى بىر قەبىلە قىلىپ، ئۇلاردىن باج-سېلىق ئالغان.

تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇيغۇنلار يەنە تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلەرنى، بولۇپمۇ ھەربىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىگەن. مەسىلەن، ھەربىي ئاشلىق توشۇغان، پوستا تۇرغان، تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. تۇيغۇن قوشۇنى بولسا تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى قوۋملارنى كونترول قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. 132 - نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقتا، «تۇيغۇنلارنىڭ نوپۇسى، ئۇزۇن مۇددەت تۇرىدىغان نوپۇس قانچىلىك؟ تىزىملىكتىكى نوپۇس سانىغا ئاساسەن چېگرا رايونىغا ئەۋەتىلىدىغان چىخۇ (ئايغاقچى) لارنىڭ سانى بەلگىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

تۇيغۇنلار بىلەن ئۇدۇنلۇقلار ئاساسلىقى تۇبۇتلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي

قىرغىقىدىكى جايلارنىڭ ھەربىي مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان، كونكرېت ئېيتقاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇدۇنلۇقلار، شەرقىي قىسمىنى تۈيغۇنلار مۇداپىئە قىلغان، 138 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە سابو (بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) رايونىدا ئاياق ئىزى بايقالسا، تۈيغۇن (قوشۇنى) مەسئۇل ...» دېيىلگەن. بۇمۇ تۈيغۇنلار تۈبۈتلارنىڭ ھەربىي كۈچىدە مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۈبۈت قوشۇنى جەڭدە مەغلۇب بولۇپ ياردەم سورىغاندا، دائىم دېگۈدەك تۈيغۇن قوشۇنىنى تىلغا ئالغان. 322 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «بىز تۆت تەرەپتىن قورشاۋ ئىچىدە قالدۇق. باشقا ئامال يوق... تۈيغۇنلار ياكى تۈگچىيالاردىن ھەربىي ياردەم سورايمىز ...» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈيغۇنلار ھەم تۈبۈتلارغا تەۋە بولۇپ، قۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقان، ھەم يەنە تۈبۈتلار بىلەن بىرلىشىپ باشقا مىللەتلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغان، بۇ ئىككى قوۋمنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى.

3. تۈركلەر تارىشا پۈتۈكتە خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ زادى قايسى قوۋمنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ھازىرچە تەس، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق، ئەينى چاغدا تۈبۈتلار بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار تۈركلەرنىڭ بىر قىسمىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، تۈبۈتلار بىلەن قارشىلاشقان تۈرك قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. 334-نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈك يەنى تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى چارلاش دوكلاتىدا، «ئىلگىرى ماڭغان يولدىكى ئاياق ئىزلىرىنى بويلاپ مېڭىپ بارگاھىنى تاپتۇق، ھۆكۈمەت يولى بويىدا بىر ئاز توختىدۇق، ئاندىن داۋاملىق ئاتلىنىپ تۈركلەر تۈنۈگۈن كېچە قونغان جاينى تەكشۈردۇق» دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى داۋامىدا، بىر قىسىم تۈركلەر تۈبۈتلارغا تەۋە بولغان بولسا، يەنە بىر قىسىم تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قېچىقالغان قىسمىغا قوشۇلۇپ تۈبۈتلار بىلەن ئېلىشقان.

تۈبۈتلار قارىمىقىدىكى تۈركلەر، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى باشقا قوۋملارغا ئوخشاش، تۈبۈتلارغا ئەسكەر بولۇپ ئۇلار ئۈچۈن جەڭ قىلغان ھەمدە باج - سېلىق تاپشۇرغان. دېھقانچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركلەرگە تۈبۈتلار ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن. يەنە بەزىلىرى يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ

تېرىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىغان.

غەربىي يۇرتتا تۈبۈتلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق بولغان، بۇنىڭغا ئاساسلىقى «تۈركلەر» نىڭ خېلى كۆپ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى سەۋەب بولغان. يۇقىرىدا تۈبۈتلارنىڭ ئالىملىقلار، سۇلېلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، قارلۇقلار، ئاق كىيىملىكلەرنىڭ تۈبۈتلار بىلەن بىرلىكتە بېشبالىقنى بۇلىغانلىقى تىلغا ئېلىندى. تۈبۈتلار بېشبالىقتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەنە غەربىي تۈركلەرنىڭ شاتو قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ «گەنجۇ ئايىمىقىغا كۆچۈپ (جۇشيې) جىنجۇڭنى قوشۇنغا دالون قىلغان، تۈبۈتلار چېگرىغا بېسىپ كىرگەندە، دائىم شاتولارنى ئالدىن يۈرەر قىسىم قىلغان»㉙.

خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، تۈبۈتلار غەربىي يۇرتتا يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق «خان» ئاشىنا شۇزىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرا ۋە بابۇ دېگەن ئىككى كىشى بولغان ㉚ تۈبۈتلار يەنە تۈرگەشلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈبۈت تارىخىغا دائىر پۈتۈكلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 732 ـ يىلى، تۈرگەشلەر ئەلچى ئەۋەتىپ تۈبۈتلارغا سوغا تەقدىم قىلغان. 734 ـ يىلى تۈبۈتلاردىن چەدې زوزەن خاننىڭ ئاچىسى جومالېينى تۈرگەش قاغانىغا ياتلىق قىلغان ㉛. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، تۈرگەشلەرنىڭ بۇ قاغانى چابىش چۇرسۇگىل ئىكەن. ئۇ تۈبۈتلار بىلەن بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي كەنتىنى بۇلىغان، كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جاۋيىجېن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. لېكىن تۈبۈتلارنىڭ تۈرك، تۈرگەش، قارلۇق قاتارلىق قوۋملار بىلەن بىرلىشىش ۋەزىيىتىدە يەنىلا ئۆزگىرىش بولماي، تۈبۈتلار ئىشغالىيىتىدىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

4. ئۇيغۇرلار تارىشا پۈتۈكلەردە ئۇيغۇرلار «خور» دەپ ئاتالغان. تۈبۈتلار ئۆزىگە تەۋە ئۇيغۇرلارنىمۇ ئاساسەن ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرغان. 100 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «ئىت يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئون لىگېن قەبىلىسى ئىتائەت قىلدۇرۇلدى» دېيىلگەن، 255 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە بولسا «ئۇيغۇرلارنىڭ جاڭماچ قوۋمى ئىتائەت قىلدۇرۇلدى» دېيىلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى قاراشنىڭ پاكىتىدۇر. دەسلەپتە تۈبۈتلارنىڭ غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئېلىشىشى خېلى كەسكىن بولغان، لېكىن كېيىنچە تارىم ئويمانلىقىنى تۈبۈتلار ئىگىلىۋالغان، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈبۈتلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ

يېڭىلگەندىن كېيىن، توبۇت پۇقراسىغا ئايلانغان، يەنە بىر قىسىم توبۇتلار بىلەن چېگرا ئايرىپ قارشىلاشقان. «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيانىڭ چېگرا - پاسىللىرى») دا، «GH.ZA كۇچا دەرياسىنىڭ يېنىدا، ئۇ توبۇتلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىنىڭ پاسىلى» دەپ خاتىرىلەنگەن، كۇچا دەرياسى بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆگەن دەرياسىدۇر. يەنە «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا بېشبالىق يېڭىلگەندىن كېيىن، «توبۇت قوشۇنى كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، تەڭرى قاغان [يەنى بىلگە قاغان (808 - 821 - يىللار)] قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كەلگەن، توبۇتلار ئالاقزادە بولۇپ، يۇيشۇ (يەر نامى) نى تاشلاپ قاچقان، قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ ... بىراقلا يوقاتقان ...» ㉜. «يېڭى تاڭنامە جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە يۇيشۇ توغرىسىدا «كىنگىتنىڭ غەربىدىن ئاتلىنىپ 50 چاقىرىم ماڭسا تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆتىدۇ، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا يۇيشۇ بۇقالى شەھىرىگە بارىدۇ» دېيىلگەن، دېمەك يۇيشۇ بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىغا، كۇچا دەرياسىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، توبۇتلارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تالىشىشى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان.

مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، «قېپقالغان قوۋمى غەربكە كۆچۈپ توبۇتلارغا تەۋە بولغان. بۇ چاغدا توبۇتلار خېشى، لۇڭيۇلارنى، ھەتتا ئۇيغۇرلار تارقالغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن ئىدى» ㉝. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار توبۇتلارغا بېيئەت قىلغان. تارىشا پۈتۈكلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات ئاز بولسىمۇ، لېكىن توبۇتلارنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى شۈبھىسىز.

5. سوغدىلار تارىشا پۈتۈكلەردە سوغدىلارنىڭ نامى «سوگپو» دەپ يېزىلغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ توققۇز ئوغۇز ئېلى ۋە ئۇنىڭ شەھەر، بازار، كەنتلىرى توغرىسىدىكى بايانىدا، «بەگ تېكىن كەنتى بەش سوغدى كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كەنتتە خىرىستىئان دىنىدىكىلەر، زارو ئاستېر دىنىدىكىلەر ۋە دىنسىزلار بار» دېيىلگەن ㉞. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرتتىكى توققۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان جايدا سوغدىلار كەنتى بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. تارىشا پۈتۈكلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بىر قىسىم سوغدىلارمۇ توبۇتلارنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىدە تۇرغان. 10 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «سوغدىلار بار جايدىكى سەركەردە» دېگەن

گەپ بار، بۇ تۇبۇتلارنىڭ سوغدىلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىشا پۈتۈكلەردە يەنە سوغدىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ۋە تۇبۇتلار ئۈچۈن چېگرىنى مۇداپىئە قىلغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بار (297 - نومۇرلۇق، 379 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈككە قاراڭ).

6. خەنزۇلار تۇبۇتلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي يۇرتتا خەنزۇلارمۇ ئولتۇراقلاشقان، ئالايلۇق، 290 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «خەنزۇلاردىن سەندۇ» دېگەن سۆز ۋە 63 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «شيې يۇنلەن» قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەبىلىلەرگە قوشۇۋېتىلگەن. 235 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «شۇزاجى ... لاجىڭ ۋە جوچا قەبىلىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىمى جيې باۋ، ... ۋە كەيزام قەبىلىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ...» دېگەن سۆزلەر بار، بۇنىڭدا ئىسمى چىققانلار قەبىلە تەشكىلاتى ئىچىدىكى خەنزۇلاردۇر.

7. داشالار تارىشا پۈتۈكلەردە «داشا» دېگەن نام ئىككى قېتىم چىقىدۇ: 41 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «داشالاردىن ... شىڭجى»؛ 299-نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە «داشا بىلەن يۈيمۇ ئىككى رابات، ئۇلار بارېن (يەر نامى) دا ...» دېيىلگەن، بۇ تارىشا پۈتۈكلەر چېچىلىپ كەمتۈك بولۇپ قالغان. «ئومۇمىي مۇندەرىجە» نىڭ تۈزگۈچىسى «داشا» (زاڭزۇچىدە «تاخا» دېيىلگەن) لار تاڭغۇتلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ ㉟. لېكىن بىز كۆرگەن تارىخنامىلەردە «تاڭغۇتلار ئۆزىنى داشا دەپ ئاتىغان» دېگەن مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ، تاڭغۇتلار ئۆزىنى «مىنياگ» دەپ ئاتىغان، زاڭزۇچە، تاڭغۇتچە پۈتۈكلەردە، بۇنىڭغا دەلىل بار. «داشا» دەپ ئاتاش ئىچكىرىگە — شياجۇغا كۆچكەندىن كېيىنكى گەپ، شۇڭا داشا دېگەن نامنى تاڭغۇتلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاتىشى دېيىش توغرا ئەمەس.

بىزنىڭچە، زاڭزۇچە تارىشا پۈتۈكلەردىكى «تاخالار» يەنى «داشالار» چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشىغان چاڭ قەبىلىرىنىڭ بىرى، ئۇلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى بار. «سۈينامە» 83 - جىلد «تەۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دە، تەۋە ئەلشىنۋي (بۈگۈنكى شىزاڭنىڭ شىمالىي قىسمى) نىڭ «شەرقىي شىمالدا ليەنشەن تېغى بار. ئەتراپى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، زېمىنى تاڭغۇت ئېلى بىلەن چېگرىداش، چاڭ قوۋملىرىدىن چوڭ-كىچىك زوفىڭلار، شەۋبېيلار، گىيەنلەر، بەيگولار، شاگېنلار، ... مىساڭلار، بېييا ۋلار، داشالار، بەيلەنلەر ... بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېلىدە چوڭقۇر جىلغىلار، ۋادىلار بار،

بۇيۇك سەردارى يوق، بۇ ئەلدىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تاڭغۇتلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئۇلار بەزىدە تۇيغۇنلارغا تەۋە بولغان، بەزىدە سۇلالىمىزگە بېقىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چاڭ قوۋملىرىنىڭ نامىنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر تۇبۇتلارنىڭ ئاتىشى بويىچە قوللانغان بولۇپ، بۇ نامىلارنىڭ ھەممىسى زاڭزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. تارىشا پۇتۇكتە «تاخالار» دېيىلگەنلەر يەنە بىر دەۋاتقان «داشالار» ئەسلىدە تۇيغۇنلارغا تەۋە بولغان، كېيىن تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ، بۈگۈنكى شىزاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ياشىغان.

8. دوملار تارىشا پۇتۇكلەردە «ناملار» نىڭ پائالىيىتىگە دائىر مەلۇمات بار، «يېڭى تاڭنامە»، 221 - جىلد، «غەربىي يۇرت»، II قىسىم، دوملار تەزكىرىسى» دە، «دوملار غەربىي چاڭلارنىڭ قوۋمى، تۇبۇتلارغا تەۋە، لەقىمى نام، ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئالتۇن كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ناملار» خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى «دوملار» نى كۆرسىتىدۇ، تۇبۇتلار دوملارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كىچىك قورغان ياسىغان ۋە ئايغاقچى قويغان. 139 - نومۇرلۇق تارىشا پۇتۇكتە «چاشا جىنىڭ يۇقىرىسىدىكى، جياساڭمۇ پوتىيىنىڭ تۆۋىنىدىكى نامرودا ئۈچ ئايغاقچى بار، ئۇلاردىن بىرى قېچىپ كەتتى، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئەسكەر ماڭغۇزۇلدى» دېيىلگەن، دوملارنىڭ بەزىلىرىنى تۇبۇتلار يەنە يەرلىك ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىگەن، مەسىلەن، 272 - نومۇرلۇق تارىشا پۇتۇكتە، بارېنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريانىڭ ياقىسىدىكى قاراۋۇلخانىغا نامروبا چوڭ يەرلىك ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەندى دېيىلگەن.

9. بەيلەنلەر خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا تۇبۇتلارنىڭ بەيلەنلەرنىڭ يۇرتىنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭدىن تېپىلغان 175-نومۇرلۇق تارىشا پۇتۇكتە «بەيلەنلەرنىڭ خانى شىنوساڭچۈي» دېگەن سۆز بار، خان بولغانىكەن، جەزمەن ئۇنىڭ قوۋمى بولىدۇ، غەربىي يۇرتتا بەيلەنلەرنىڭ ياشىغانلىقىمۇ پاكىت.

ئۇلاردىن باشقا، تارىشا پۇتۇكلەردە يەنە بىرۇلار ( 291 - نومۇرلۇق پۇتۇك) ۋە نۇرغۇن بودئاپ (تۇبۇت) لارغا دائىر مەلۇمات بار، بۇدئاپلار ئىستىلاچى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتقا كىرگەن، لېكىن كەڭ ئادەتتىكى بودئاپلارمۇ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ قۇل قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، غەربىي يۇرتتا تۇبۇتلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قوۋملارنى قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ بۆلگەن، ئۇلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان؛ ھەر قايسى قوۋملار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانىغا ئاساسەن تۇبۇتلارغا ئەسكەر بولۇشقا ئادەم چىقىرىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان ياكى ئايغاقچى قىلغان؛ تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي بازىلىرى ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىگە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، تەۋە قوۋملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ پائالىيىتى ئەڭ كۆپ، تەسىرى ئەڭ زور بولغان، ئۇلارنىڭ تۇبۇتلارغا بولغان نارازىلىقىمۇ پۈتكۈل ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن؛ تۇبۇتلار غەربىي يۇرتتىكى قوۋملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە مالىي زۇلۇم سالغاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىقى كۆتۈرۈلگەن، 339 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتىكى «شاڭفاڭ ئىشەنگەچكە، شىمالدىكى سابى توپىلاڭچى ئوغرىلارغا بىۋاستە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بولىدۇ، ئىككىمىزگە توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىلدى» دېگەن سۆز؛ 369 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتىكى «تۇبۇت ئېلىمىزگە تەۋە رايوندا توپىلاڭ بولدى، ئادىمىمىز، چارۋىمىزغا قارىماي، سەمىمىي - سادىق بولۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، خان ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز» دېگەن سۆزلەر دەل يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئىنكاسىدۇر.

مىلادى 866 - يىلى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆكە تېگىن شىجۇنى تارتىۋېلىپ، تۇبۇتلارنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى شاڭكۇڭرېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى پايتەختكە ئەۋەتىپ بەردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى.

ئىزاھلار:

①③⑪⑮⑰⑱⑳㉑㉒㉖㉛ ۋاڭ ياۋ، چېن جەن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۇبۇت قارىخىغا دائىر يازما پۈتۈكلەر»، تەرجىمە نۇسخا 131-، 214-، 103-، 141-، 106-، 107-، 144 -، 115 - 116 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل.

② جاڭ يىسۇن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «زاڭزۇچە - خەنزۇچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

④ p. T 960 «ئۇدۇننىڭ دىنىي قانۇن تارىخى»، ۋاڭيياۋ، چېن جەن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۇبۇتچە يازما يادىكارلىقلار» غا قاراڭ، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل.

⑤ داساڭزۇڭبا، بەنجۇ ساڭبۇ يازغان، چېن چىڭيىڭ تەرجىمە قىلغان «خەنزۇچە-زاڭزۇچە تارىخنامە» نىڭ «ئۇدۇن خانلىرى» دېگەن بۆلۈمى، شىزاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل.

⑥ باۋو. زولاچېنۋا «ئاقىللارنىڭ خۇشاللىق زىياپىتى»، خۇاڭخاۋ تەرجىمىسى، «شىزاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىل 1 - سان.

⑦ ساجا. سۇنەنجەنزەن يازغان، چېن چىڭيىڭ، رېنچىڭ زاشىچىڭ تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «خانلارنىڭ ئېنىق نەسەبنامىسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل، 115 - بەت.

⑧⑨ «ئاقىللارنىڭ خۇشاللىق زىياپىتى»، خۇاڭ خاۋ تەرجىمىسى، «شىزاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980- يىل 4 - سان، 1987 - يىل 2-سان.

⑩ «خەنزۇچە - زاڭزۇچە تارىخنامە»، 56 - بەت.

⑫ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 201 - جىلد.

⑬ زوتىڭچاڭ «شىزاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى».

⑭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» 201 - جىلد، يەنە «يېڭى تاڭنامە. تۇبۇت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلارغا قاراڭ.

⑯ «كونا تاڭنامە»، 196 - جىلد، «تۇبۇت تەزكىرىسى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، 958 - جىلد، يات تەۋە بەگلىكلەر ھەققىدە.

⑲ «يېڭى تاڭنامە تۇبۇت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلار.

㉓ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 233 - جىلد، «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

㉔ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

㉕ ㉜ چېڭ شولۇ «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر مەلۇماتلار»، لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1987 - يىل.

㉗ جاڭ بوچېن «تاڭ، بەش دەۋردىكى دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نوپۇس

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 125 - بەتتە)

# قەدىمىي شەھەر كىروران ۋە ئۇنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى

ئىسمايىل مۇھەممەت

كىروران — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي 36 بەگلىك ئىچىدە ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان، تارىخى ئۇزۇن بەگلىكلەرنىڭ بىرى. مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كىرورانىنىڭ دائىرىسى هازىرقى لوپنۇرنىڭ شىمالىدىن ئالتۇنتاغ تىزمىسىغىچە، شەرقتە دۇنخۇاڭدىن غەربتە ئالتۇنتاغ تىزمىسىنى بويلاپ ئۇدۇن (خوتەن) گىچە بولغان كەڭ بوستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىروران قەدىمىي تارىخىي خاتىرىلەردە لولەن، كىرورايىنا، روران دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەركىزى كىروران شەھىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى بوستانلىققا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا سېپىل - راۋاقلىرى ھەيۋەتلىك، گۈزەل، ئاۋات شەھەرگە ئايلانغان.

كىروران بەگلىكىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا تولۇق خاتىرە يوق. ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخچىسى سى ماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە: غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى) ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) نىڭ پادىشاھ ۋېندىغا بىر پارچە مەكتۇپ يازغانلىقى، ئۇ مەكتۇپتا: «سەركەردە، لەشكەرلەر سەر خىل، ئات - ئۇلاغلار كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈردۈم، ئەسىرگە ئالدىم، كىروران، ئۈيسۇن، قۇجىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26بەگلىكنى (غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىك 26 بەگلىك دېيىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن - ئا) تىنجىتىپ، ھەممىسىنى ھۇنلارغا بېقىندۇردۇم» دېيىلگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا كىروران بەگلىكى كەم دېگەندە مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنلا-

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەردە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم (مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلدىن 126 - يىلغىچە) غەربىي يۇرتقا بېرىپ، چاڭئەنگە قايتقاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى خەن ۋۇدىغا دوكلات قىلغان. سى ماچيەن جاڭ چيەننىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە: «كىروران، گۇش شەھەرلىرىدە سېپىل بار، ئۇلار تۇزلۇق كۆلگە يېقىن جايلاشقان» دېيىلگەن. تۇزلۇق كۆل ھازىرقى لوپنۇر كۆلى. بۇ خاتىرىدىن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندە كىروراننىڭ سېپىل - راۋاقلىرى پۇختا شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن بۇرۇن «تاغ - دەريالار قامۇسى» دا دەريا سۇيىنىڭ لوپنۇر كۆلگە قۇيۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق كىروران تىلغا ئېلىنمىغان. بەنگۇ يازغان «خەننامە» دە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر ھەققىدە جۈملىدىن كىروران بەگلىكى ھەققىدە مەخسۇس تەزكىرە يېزىلغان. كېيىنكى تارىخچىلارمۇ تارىخ يېزىشتا مۇشۇ ئۇسلۇبنى داۋاملاشتۇرغان.

چىن شىخۇاڭ (م. ب 246 —— م. ب 210 - يىللار) مەملىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ چاغدا شىمالدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي غۇزلار، ياۋچىلار، ۋە ھۇنلار ياشايتتى. ھۇنلار ياۋچى، ئۇيسۇن قاتارلىق قوۋملارنى بېقىندۇرغانىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىغا جايلاشقان كىروران بەگلىكى ياۋچىلار بىلەن قوشنا ئىدى. بىراق كىروراننىڭ ياۋچىلارغا تەۋەلىكى ياكى ئۇلار بىلەن ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدا بىزدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. شۇنداق-

تۈزۈمى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1987 - يىل نەشرى.

㉘ ۋاڭ ياۋ، چىن جەن تۈزگەن «تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى»، ئاسار ئەتىقە نەشرىياتى، 1986 - يىل.

㉙ «يېڭى تاڭنامە»، 218 - جىلد «شاتولار تەزكىرىسى».

«كونا تاڭنامە»، 97 - جىلد «گويۈەنجېن تەزكىرىسى».

㉝ «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

㉞ «ھۇدۇدۇلئالەم» مىنورىسكى تەرجىمىسى.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 5 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى) تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

تىمۇ، كىروراندىكىلار ياۋچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشقان. ياۋچىلار غەربكە كۆچكەندە كىروران بەگلىكىدىن ئۆتكەن. خۇن تەڭرىقۇتى باتۇر دەۋرىدە خۇنلار قۇدرەت تاپقان بولۇپ، شەرقتە شەرقىي غۇزلارنى يوقىتىپ، غەربتە ياۋچىلارنى يۇرتىدىن قوغلىۋەتكەن. غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنى ئۆزىگە قاراتقان . ئۇيسۇنلارمۇ غەربكە سۈرۈلگەن. خۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىغە قەدەر يېتىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران بەگلىكى خۇن ئېلىدىن كۆپ ئاجىز بولغاچقا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلىدىن 108 ـ يىلغىچە خۇنلارنىڭ ئېلىكىدە تۇرغان. خەن پادىشاھى يۇەندى دەۋرىدە ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 76 ـ 33 ـ يىلغىچە) چەۋەنداز سانغۇن خوچۇيېڭنى ئەۋەتىپ خۇنلارنىڭ سۇتۇق بېگىنى تارمار قىلىپ، جيۇچۇەن، ۋۇۋېي ، جاڭيې، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن خۇنلارنىڭ تەسىرىنى تازىلىغان. خۇنلار گەرچە غەربىي شىمالغا سۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە غەربتە باتىسقان تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتتا زوراۋانلىق قىلغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى پەرغانىگە بېرىش ئۈچۈن كىروران، لوپنۇردىن ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۇسەن، ئۇيسۇن ئارقىلىق مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا خۇنلارنىڭ نۇرغۇن ئايغاقچىلىرى كىروران بەگلىكى تەۋەسىدىكى قومداغدا تۇراتتى. ئۇلار دائىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى توسۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى ۋە خۇنلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇراتتى. خەن ۋۇدى غەربىي يۇرت بىلەن بولغان قاتناشنى راۋانلاندۇرۇش ئۈچۈن، خۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كىروراننى تايانچ بازا قىلىش زۆرۈر دەپ قاراپ، يۈەنفېڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى) پياۋخۇجاۋنى ئەۋەتىپ، خۇنلارنىڭ ۋە ئۇلارغا تەۋە بەگلىكلەرنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئەسكىرىنى تارمار قىلىپ گۇشقا زەربە بەردى. ۋاڭ خوي قوشۇن باشلاپ كىرورانغا ئالدىن يېتىپ بېرىپ كىروران خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، كىروراننى خەن سۇلالىسىگە تەۋە قىلدى. تەيچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى قوشۇنى غەربىي يۇرتقا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا كىروران خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغاچقا، خەن سۇلالىسى قوشۇنى، لوپنۇر رايونىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ پەرغانىگە يېتىپ باردى، بىراق كىروران خانى خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، بىر ئوغلىنى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىش بىلەن بىللە، يەنە بىر ئوغلىنى خۇنلارغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ خۇنلارغىمۇ بويسۇنغانىدى. شۇڭا كىروران بىلەن خەن

سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار ئىدى. كىروران بەگلىكى هۇنلارنىڭ قوترىتىشى بىلەن بەزىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار - ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قاماپ قوياتتى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بولۇپمۇ خەن پادىشاھى جاۋدى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 87 - 74 - يىللىرى) كىروران خانى ئەنگۈي خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئەنگۈي بۇرۇن هۇنلاردا تۇرغاق بولۇپ تۇرغاچقا، هۇنلار بىلەن يېقىن ئىدى. ئۇ هۇنلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بىر قانچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ پۇل - ماللىرىنى تارتىۋالغان. خەن سۇلالىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى ئەنگۈينى جازالاش ئۈچۈن ئۇلۇغ سانغۇت تەپتىش بەگ بوجيېزىنى ئەۋەتتى. بوجيېزى كىرورانغا كەلگەندىن كېيىن، بوجيېزىنىڭ ھەمراھلىرى ئەنگۈينى خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈردى، ھەمدە بوجيېزى ئەنگۈينىڭ ئىنىسى ۋىتۇگېتنىڭ خان بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئەنگۈينىڭ ئىنىسى ۋىتۇگېت بۇ ۋاقىتتا تېخى چاڭئەندە ئىدى. پادىشاھ خەن جاۋدى كىروراننىڭ پايتەختىنى جەنۇبقا يۆتكەپ، دۆلەت نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى. ۋىتۇگېت چاڭئەندىن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا تامغا ئويۇپ بەردى. ئۇ يولغا چىققاندا خەن ئوردىسىنىڭ نەچچە يۈز ۋەزىر - سانغۇنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ۋىتۇگېت كىرورانغا كەلگەندىن كېيىن، هۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇقرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبقا كۆچۈپ كەتتى. ① شۇنىڭدىن باشلاپ «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە پىشامشان تەزكىرىسى تۇرغۇزۇلدى. كىروران توغرىسىدا تەزكىرە تۇرغۇزۇلمىدى. كىروران بەگلىكى مەركىزىنى ئىشۋان شەھىرىگە يۆتكىگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئۇ يەردە تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشىنى كاپالەندۈردى. ھەمدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى.

ئالدىنقى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرمۇ بۆلۈنۈپ 55 كە يەتتى. بولۇپمۇ ۋاڭ ماڭنىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى ۋەزىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. هۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى بىر مەھەل ئىگىلىۋالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭۋۇدى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 25 - يىلدىن مىلادى 57 - يىلىغىچە) غەربىي

يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، پىشامشاندا-
مۇ خېلى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»
دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خەن مىڭدىنىڭ يوڭپىڭ يىللىرى (مىلادى 58 – 76-
يىلىغىچە)نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىندەر بەگلىكى (ئورنى ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسى
تەۋەسىدە)، جۇرجۇن (نىران - ھازىرقى نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە) رۇڭلۇ-
چالمادان چەرچەن بەگلىكى (ھازىرقى ئورنى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق
يېزىسىدا) قاتارلىق بەگلىكلەرنى پىشامشان ئۆزىگە قوشۇۋالغان، كېرىيە، گۇما
قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۇدۇن ئۆزىگە قوشۇۋالغان. كۆكيار (پامىر) نىڭ شەر-
قىدە مۇشۇ ئىككى بەگلىك ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىككى بەگلىك ئوتتۇ-
رىسىدىكى باردى - كەلدى مۇناسىۋەت خېلى قويۇق بولغان.

«كېيىنكى خەننامە» دە پىشامشان توغرىسىدا مەخسۇس تەزكىرە يېزىلمى-
غان بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى بىر
مەلۇماتتا، پىشامشاندا 2670 تۈتۈن، 7770 نوپۇس 4220 ئەسكەر بار دەپ خاتىرى-
لەنگەن. بۇ سان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى نوپۇس سانىغا
ئوخشىمايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە پىشامشاندا 14100 نوپۇس،
چاقىلىقتا 1750 نوپۇس، چالمادانىدا 1610 نوپۇس، ئىندەردە 1015 نوپۇس،
نىرانىدا 3360 نوپۇس، رۇڭلۇدا 1610 نوپۇس بار دەپ قەيت قىلىنغان②. دېمەك
غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پىشامشان دائىرىسىدە 25 مىڭچە نوپۇس بول-
غان يەردە، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە پىشامشاننىڭ نوپۇسى
7770 دەپ خاتىرىلىنىشى رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەيلى ئالدىنقى خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە بولسۇن ياكى كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولسۇن،
كىروران رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ياخشى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،
بېلىقچىلىق (ئوۋچىلىقمۇ بار) ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى
ئىگىلىكى گۈللىنىش باسقۇچىدا ئىدى. سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ مۇقىم بولۇپ، مىل-
لەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان. شۇڭا، نوپۇس سانى توغرىسى-
دىكى مەلۇمات ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ راۋان بولۇش - بولماسلىقى ئەينى ۋاقىت-
تىكى كىروران بەگلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قەدىمكى يىپەك يولى خەن
سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، خېشى كورىدورى ئارقىلىق
دۇنخۇاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىككى يولغا ئايرىلاتتى، بىرى، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ

يۈيمىڭگۇەندىن ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي ئارقىلىق كىروران شەھىرىگە كېلىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن قاگقىلى، كىنگست، بۈگۈر، كۇسەن، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئارقىلىق رىمغا باراتتى (بۇ يول تارىختا شىمالىي يول دەپ ئاتالغان). يەنە بىرى، دۈڭخۇاڭدىن چىقىپ ياڭگۇەندىن ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي بىلەن پىشامشان بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئىۋان (مىران) شەھىرىگە كېلىپ، چەرچەن، نىيە، ئۇدۇن، يەكەن ئارقىلىق پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلى، ھىندىستان، سۈرىيىگە باراتتى (بۇ يول تارىختا جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان). دېمەك، ھەر ئىككى يول كىروران بەگلىكىدىن ئۆتەتتى. ئەينى چاغدا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى كىروران شەھىرىگە تولۇپ كېتەتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ يىپەك رەختلىرى، چاي قاتارلىق ئېسىل مەھسۇلاتلىرى، غەربىي يۇرتنىڭ ئېسىل ئاتلىرى، ئۈزۈم، ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە غەربنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرى كىروران شەھىرى ئارقىلىق سودا - سېتىق قىلىناتتى. سودىگەر كارۋانلارنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىشى كىرورانىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ خىل ۋەزىيەت مىلادى 376 - يىلىغىچە 400 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، سودا ئالاقىسىدە كىرورانلىقلار تىلماچلىق، يول باشلاش، كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىپ بېرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئالغان. كىرورانلىقلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە قوشنا يۇرتتىن كەلگەنلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئەتراپلىق كۈتۈۋالغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر كۆپ چېلىقىدۇ.

1909 - يىلى 3 - ئايدا ياپونىيىنىڭ داگۇ ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بارغاندا «LA» يادىكارلىق ئىزى (كىروران يادىكارلىق ئىزى) دىن تاپقان كۆپ مىقداردىكى تارىشا پۈتۈكلەر ۋە قەغەزگە يېزىلغان خەت - چەكلەر بىلەن ستەيىن ۋە ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى «LA» يادىكارلىق ئىزى ۋە LK يادىكارلىق ئىزى (海头 — لوپنۇر يادىكارلىق ئىزى) دىن تاپقان كۆپ مىقداردىكى تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەزگە يېزىلغان خەت - چەكلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، كىروران ۋېي سۇلالىسىنىڭ چياپىڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 252 - يىلى) دىن ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنشىڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 330 - يىلى) غىچە بولغان 78 يىلمۇ ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىكتىكى فېئودال سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن ③ لى بو (李柏) نىڭ خەت - چەكلىرىنىڭ لوپنۇر - خەيتۇدىن تېپىلغانلىقىغا قارىغاندا، لى بو ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى يۈگۈنىڭ 1 - يىلى (مىلادى 345 - يىلى) دىن كېيىن ياكى جاڭ جۈنخۇا تەختتىكى ۋاقىت (مىلادى 346 - 357 - يىللىرى) لوپنۇر - خەيتۇغا بارغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە غەربىي رايون دورغاپ مەھكىمىسى خەيتۇ - لوپنۇرغا يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن ④.

كىروران دۆلىتىنىڭ پايتەختى جەنۇبقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي يىپەك يولى پىشامشاننىڭ پايتەختى ئۇۋان شەھىرىدىن ئۆتكەن. خەن ئەندى (مىلادى 106 - 125 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، چاڭلارنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلارغا بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن، پىشامشان ئىتائەت قىلمىغان. بەن يۇڭنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان مەكتۇبىدا «ھازىرقى پىشامشان خانى يۇ خۇەن (尤还) خەنزۇلارنىڭ نەۋرىسى، ئەگەر ھۇنلار كېڭەيمىچىلىك قىلسا يۇ خۇەن تىرىك قالمايدۇ، كىروراننى ئىگەللىسەك ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ» دېيىلگەن. «پىشامشان خانى يۈي خۇەن خەنزۇلارنىڭ نەۋرىسى» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، پىشامشاننىڭ ئالدىنقى خانىنىڭ خەن سۇلالىسىدىكىلەر بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ⑤. يۇ خۇەندىن كېيىنكى خان (يۈي خۇەن II) ئەسكەر چىقىرىپ، بەنچاۋ، بەن يۇڭلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنجىتىشقا ياردەم بەرگەن.

1900 - يىلى سېۋېنھېدىن لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بارغاندا، كىروراننىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا دائىر نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى تاپقان. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، خەن پادىشاھى ئەندىنىڭ يەنگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەن يۇڭ دورغاپ بولۇپ، غەربىي يۇرت دورغاپ مەھكىمىسىنى لۈكچۈندە قۇرغان. ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 - يىلى (مىلادى 222 - يىلى) غا كەلگەندە چېرىكچى بەگ مەھكىمىسى ئىدىقۇتتا قۇرۇلغان. كىروراندا غەربىي يۇرت دورغاپ مەھكىمىسى ياكى چېرىكچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ۋاقىت ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ يىللىرى (مىلادى 220 - 226 - يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي يىپەك يولىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە قايتا گۈللەنگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ياپونىيىلىك جۇرۇيچاۋ ۋەستەينلەرنىڭ بۇ رايوندا ئۇچراتقان

خەت - چەكلەرگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكۈمدىن قارىغاندا، كىروران قەدىمىي شەھىرى تاشلىنىپ قالغان دەۋر ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يەنى 376 - يىلى، جىن سۇلالىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن پىشامشان بەگلىكى تەۋەسىدە جەنۇبىي يىپەك يولىلا ئاۋاتلاشقان. جىن سۇلالىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن ۋە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان. «خەننامە. فۇجيەن تەزكىرىسى» دە «جيەنيۈەن 17 - يىلى (مىلادى 381 - يىلى) ئالدىنقى قاڭقىل خانى مىجەن بىلەن پىشامشان خانى شيۇمىتۇ جىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئوردىسىغا بارغان. ئىككىنچى يىلى جىن سۇلالىسى چەۋانداز سانغۇن لۇگۇاڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا نازارەت قىلغان.

مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا تۇيغۇنلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن. كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىنچيۇ 1 - يىلى (مىلادى 518 - يىلى) سۇڭ يۈن جەنۇبىي يىپەك يولىنى ئېچىش ئۈچۈن، پىشامشاندىن ئۆتكەندە. بۇ جايدىكى شەھەرگە تۇيغۇن خانىنىڭ ئىككىنچى بالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ شۇ مەزگىلدە بۇ رايوننىڭ تۇيغۇنلارنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «لياڭنامە» دە، ئىدىقۇتتىن ئۇدۇنغىچە بولغان جايلارنىڭ تۇيغۇنلارغا تەۋە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان، «لياڭنامە. ئىدىقۇت تەزكىرىسى» دە: «تۇيغۇنلارنىڭ زېمىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدۇ. دەريانىڭ جەنۇبى تۇيغۇنلارنىڭ زېمىنى» دېيىلگەن. لېكىن تۇيغۇنلارنىڭ پىشامشانغا قاچان كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە يوق. «ۋېينامە» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىگۋەن 1 - يىلى (مىلادى 452 - يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن ئوردا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. تۇيغۇنلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ پىشامشان، چەرچەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 520 - يىلىدىن مىلادى 530 - يىلىغىچە تۇيغۇنلار تازا كۈچەيگەن بولۇپ، بۇ مەزگىلدە پىشامشان، چەرچەن قاتارلىق جايلار ئۇلارغا تەۋە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ۋەزىيەت سۈي سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان، «سۈينامە. تۇيغۇنلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سۈي ياڭدىنىڭ دايې 4 - يىلى (مىلادى 608 - يىلى) سۈي سۇلالىسى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ،

غەربىي شىمالنى ئىگىلىگەن ۋە پىشامشان ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ شيەنۋۇ،
جىيۇمەن ئىككى ناھىيىنى باشقۇرغان، چەرچەن ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ سۇنىڭ،
فۇجيىي ئىككى ناھىيىنى باشقۇرغان. بۇلار 609 - يىلى تەسىس قىلىنغان. سۈي
سۇلالىسى دەۋرىدە پىشامشان بىر مەزگىل سۈي سۇلالىسىگە تەۋە بولغان بولسىمۇ،
لېكىن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھاكىمىيەت چىرىكلىشىپ، دۆلەت
ئاجىزلىغانلىقتىن، تۇيغۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىشامشاننى يەنە ئىگىلىۋالغان.
تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن 9 - يىلى (مىلادى 635 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى تۇيغۇن-
لارنى مەغلۇپ قىلغان، پىشامشان تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان.

تاڭ سۇلالىسى مىلادى 635 - يىلى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن
640 - يىلى قارا قوچودا 658 - يىلى غەربىي ئايماق (ئاستانە ئوبلاستى) نى تە-
سىس قىلغان. تاڭ گاۋزۇڭ (650 - 684 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەس-
لەپكى يىللىرى تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇتتا غەربىي
تىنجىتىش (ئەنشى) تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پىشامشاننى ئۆز
ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە قىلدى. بىراق شىمال-
دىكى تۈركلەر بۇ جايدىن كېتىشى بىلەن جەنۇبتىكى تۇبۇتلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار غەربىي
چاڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، VII ئەسىرلەردە چىڭخەي، تىبەت رايونىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ھەربىي قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى تۇبۇت خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق
VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە VIII ئەسىرلەردە تازا كۈچىيىپ، ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتتىكى ئىۋىرغول، ئاستانە، بېشبالىق، كۈسەن، ئۇدۇن
قاتارلىق بەگلىكلەرنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان ھەم ئۆز تەسىر دائى-
رىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ھىندىستانغا كېڭەيتىشكە كىرىشكەن. «يېڭى
تاڭنامە. تۇبۇتلار تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، تۇبۇتلارنىڭ كۈسەن، ئۇدۇن-
لارنى ئىگىلىگەن ۋاقتى مىلادى 670 - يىلغا توغرا كېلىدۇ. تۇبۇتلار كۈسەن
ياكى ئۇدۇنغا بېرىشتا پىشامشان، چەرچەن تەۋەسىدىن ئۆتۈشى شەرت. شۇڭا
تۇبۇتلارنىڭ پىشامشاننى بويسۇندۇرغان ۋاقتى 670 - يىلدىن سەل بۇرۇن بولۇ-
شى كېرەك. «تاڭنامە، تۇبۇتلار تەزكىرىسى» دە يەنە يىفېڭ يىللىرىدىن يۈڭلۇڭ
يىللىرىغىچە (676 - 681 - يىللىرى) غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ ھەممىسى
تۇبۇتلارغا بويسۇنغانلىقى قەيت قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى چاڭشۇ 1 - يىلى
(مىلادى 692 - يىلى)، ۋاڭ شاۋچى قوماندانلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، تۇبۇت-
لارغا زەربە بېرىپ، غەربىيتىكى تۆت چوڭ شەھەرنى ئىگىلەپ كۈسەندە غەربىي

تىنجىتىش ئۈچۈن تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىر مەھەل شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك باشقۇرغان. ئۆگلۈك — سۈيگىن توپىلىڭى (مىلادى 755 - 763 - يىللىرى) يۈز بەرگەندىن كېيىن تۈبۈتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى يەنە بىر مەھەل ئىگىلىۋالدى. كېيىن تۈبۈتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈبۈتلار ئىگىلىۋالغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالدى.

مىلادى 840-يىلى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ 860 - يىلى ئەتراپىدا پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا قوچۇئۇيغۇرخانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە يەنە تۈرك، ياغما، قارلۇق، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت-قەبىلىلەرمۇ ياشىغان. بېشبالىق، جانبالىق، يېڭىبالىق، سۈلمى، ئۈۋىرغۇل قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ئۇنىڭغا تەۋە بولغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار قەدىمكى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر يازما يادىكارلىقلارنى يارىتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا-سېتىق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خېلى جانلىنىپ يىپەك يولى قايتىدىن راۋانلاشقان. پىشامشانمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئۆتكەل بولۇشتەك رولىنى داۋاملاشتۇرغان. پىشامشان بەگلىكى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 552 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

پىشامشان بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، تەسىر كۈچى زور بەگلىك بولۇپ، قاروشتى يېزىقىدىكى تارىخىي يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ بەگلىككە رېپيا، تاجاكا، ئامگۇۋكا، ماھىرى، ياسمانا قاتارلىق خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم.

پىشامشان بەگلىكىنىڭ نامى ھەر قايسى دەۋرلەردە تۈرلۈك يېزىقلاردا تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: تاڭغۇتچە، تۈپچان، نوپ - چىن، ناۋاپ دەپ؛ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا پىشامشان دۆلىتى (鄯善)، رۇچاڭ (若羌)، چېتەي (怯台)، لوپ (罗布国) دەپ يېزىلغان.

ئىستەيىن لوپنۇر كۆلى بويىدىن تاپقان خەت - چەك ۋە باشقا يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، كروران بەگلىكىنىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بۇ بەگلىكتە غۇزلار، ئۇيغۇنلار، تۈبۈتلار، تۈركلەر (شەرقىي تۈركلەر) ۋە باشقا

خەلقلەر ياشىغان⑥. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ جايدا قەدىمكى زاماندا خوتەن، چەرچەن، كىرىيە ۋە لوپنۇر ئەتراپىدا ياشىغان ۋۇسا⑦ قەبىلىسىدىكىلەرمۇ ياشىغانلىقى ھەققىدە يازما يادىكارلىقلار بار.

تارىخشۇناسلار، ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، كىرورانلىقلار مىلادى II ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە ھىندى تىل سىستېمىسىدىكى نىيە قاروشتى يېزىقىنى قوللانغان.

كىروران بەگلىكى تەۋەسىدە نۇرغۇن چوڭ-كىچىك شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە كىروران بەگلىكىنىڭ مەركىزى كىروران شەھىرى ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم، ئاۋات ۋە گۈزەل شەھەر ھېسابلانغان. بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى خارابە ئىزى خېلى تولۇق ساقلىنىپ قالغان.

كىروران بەگلىكىنىڭ پايتەختىنىڭ قەيەرگە جايلاشقانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر غەربىي رايون دورغابېگى لې بۇنىڭ خەت-چەكلىرى تېپىلغان خەيتۇ-لوپنورنى كىروراننىڭ پايتەختى دەپ قارايدۇ. بۇ جاي ھازىرقى كىروران شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، كىروران شەھىرىگە يىراقراق. يەنە بەزىلەر يۈيىنى شەھىرىنى كىروراننىڭ پايتەختى دەپ قارايدۇ. يۈيىنى شەھىرى ئىۋان شەھىرىنىڭمۇ غەربىدە بولۇپ، ھازىرقى چارقىلىق بازىرىغا يېقىن، بۇنداقتا كىروراننىڭ پايتەختى جەنۇبتا، پىشامشاننىڭ پايتەختى شىمالدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

ئېلىمىزنىڭ «تاغ-دەريالار قامۇسى»، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى «خەننامە»، «ۋېينامە»، «لياڭنامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا كىروران بەگلىكى تەۋەسىدە ئىككى دەريا بارلىقى، بىرىنىڭ شىمالىي دەريا دېيىلىدىغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ جەنۇبىي دەريا دېيىلىدىغانلىقى، كىروران بەگلىكىنىڭ پايتەختىنىڭ شىمالىي يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا، يەنى شىمالىي دەريانىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكى، پىشامشان بەگلىكىنىڭ پايتەختىنىڭ جەنۇبىي يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا، جەنۇبىي دەريانىڭ كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ مەلۇمات يېقىنقى زامانلاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ھازىرقى كىروران شەھىرىنىڭ خارابە ئىزىنى كىروران بەگلىكىنىڭ پايتەختى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

كىروران شەھىرىنىڭ ئورنى، شەرقىي مېرىديان 89°55'22''، شىمالىي پاراللېل 40°29'55'' گە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى گۈزەل ھەشەمەتلىك شەھەر تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ ئومۇمىي كۆلىمى 108 مىڭ 240 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك. شەھەر سېپىلىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 ــ 5.5 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر دەرۋازىسى شىمال ۋە جەنۇب ئىككى تەرەپكە ئېچىلغان بولۇپ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە سېپىل بۇرجەكلىرىگە پوتەيلەر سېلىنغان. شەھەر سېپىلىنىڭ ئىزىدىن قارىغاندا، بۇ سېپىللار كىروران شەھىرى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. چىڭدالغان توپا قاتلىمىنىڭ تەكشى بولماسلىقى ۋە توپا قاتلىمى ئارىسىغا قىستۇرۇلغان شاخ ــ شۇمبىلار، ساپال پارچىلاردىن قارىغاندا، بۇ قۇرۇلۇش بىر قېتىمدىلا ياسالمىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. قەدىمىي شەھەر خارابىسى دائىرىسىدە نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىلەرنى، جۈملىدىن ساپال پارچىلىرى، تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرى، كىگىز، يۇڭ رەختلەرنىڭ پارچىلىرى، پار ــ پۇر بۇيۇم قاتارلىقلارنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ خارابە ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئېغىزلىق بىر ھويلا خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ توغراق ياغىچىدا ياسالغان، ئىشىك ــ دېرىزىلىرى، يېرىم ئوچۇق ھالەتتە، ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە ئىشىك ــ دېرىزىلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نەقىشلەنگەن. بۇ ئۆينىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىرورانلىقلارنىڭ نەققاشلىق ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كىروران شەھىرى ئىبادەتخانا رايونى، ئەمەلدار مەھكىمىسى رايونى، ئولتۇراق جاي رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. ئىبادەتخانا رايونى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز بۇددا مۇنارلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان. مۇنارنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر بار، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ئېگىز مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر، فوندامېنتى جەنۇبتىن شىمالغا 18 مېتىر كېلىدۇ.

ئەمەلدار مەھكىمىسى رايونى شەھەرنىڭ سەل غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقىي شىمال بۆلىكى ئۆستەڭگە يېقىن، ھەشەمەتلىك ئوردا سارايلىرى، قەسىرلەر مۇشۇ جايغا مەركەزلەشكەن.

ئولتۇراق جاي رايونى شەھەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى بولسا نامراتلار ئولتۇراق رايونىدۇر.

يۇقىرىقى خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمىي كىروران شەھىرىنىڭ مىلادى II ئەسىردىن IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تازا ئاۋاتلاشقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا كىروران شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 4.8 كىلومېتر يىراقلىقتىكى «تەكشى تۆپىلىكتىكى قەبرىس-تانلىق» بىلەن يەنە شۇ قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 2 كىلومېتر يىراق-لىقتىكى «يەككە تۆپىلىكتىكى قەبرىستانلىق» تىن قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ كىروران شەھىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «تەكشى تۆپىلىكتىكى قەبرىستانلىق» تىكى بىر قەبرىگە بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن 90±2040 يىل ئاۋۋال دەپنە قىلىنغان بىر كىچىك بالا كۆمۈلگەن بالىنىڭ بېشىغا شايى ئورالغان، ياغاچ دۈشىنى تەكىيە قىلغان. ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنىڭ بېشى تەرەپكە بىر دانە كىچىك ساپال كوزا قويۇلغان. كوزىنىڭ قورساق قىسمىغا بىر تۇتاش ئەگمە سىزىقچىلار چىقىرىلغان، ئۇ قەبرىستانلىقتىكى باشقا قەبرى-لەردىن يەنە ئۇجۇ مىس پۇل، كۆرگۈ قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان. «يەككە تۆ-پىلىكتىكى قەبرىستانلىق» تىن تېپىلغان نەرسىلەر تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ، تۈرى كۆپ، قىممىتى يۇقىرى، بۇ جايدىن ياغاچتىن ياسالغان ناھايىتى كۆركەم بۇيۇملاردىن باشقا، تۈرلۈك نۇسخىلاردا نەپىس توقۇلغان يىپەك رەختلەرمۇ تېپىلغان، ئۈستىگە خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخابنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭغا «نەۋ-رە - چەۋرىڭىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن»، «بالا - ۋاقىڭىز ئۇزۇنغىچە ئاۋۇسۇن»، «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا، بەخت - سائادەتمەن بولغايلار»، «ئۇزۇنغىچە خوشال-سائادەتمەن بولغايلار»، «ئەلنىڭ باياشاتلىقىنى ئەلنىڭزور خۇشاللىقى دەپ بىل-گەيلا»، «مەڭگۈ راۋاج تاپقايلا»، «ئۇزۇن ئۆمۈر، نەۋرە-چەۋرە كۆرگەيلا» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن. خەتلەر ئارىسىغا بەخت-سائادەتتىن دېرەك بېرىدىغان ئۇچار قۇشلار، قۇتلۇق ھايۋانلار، گۈل - گىيالار ۋە بولۇتنىڭ شەكلى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن، ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى تۈرلۈك ھالەتتە بولۇپ، خۇددى تىرىكتەك ئىنتايىن جانلىق، كىشىنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ. مۇھىمى، كىم-خابلاردىن بەزىلىرىنىڭ زەيلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىم-خابچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەمەلىي ماتېرىيال بولالايدۇ. يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە ھەر خىل رەڭدىكى چىرايلىق تىۋىت رەختلەردىن باشقا، يەنە ئىككىلا يۈزىگە گۈل چىقىرىلغان تىۋىت ئەديال ۋە ھەر ئىككى يۈزىدىكى

زىنىنتى ئوخشاش كەشتىلەر بىلەن پاختا توقۇلمىلارنىڭ ھەممىسى تۈز يوللۇق، چىلدىك تاملىغا قىلىپ كىرىشتۈرۈپ توقۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يىپلىرىنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، رەختلەرنىڭ يوللىرى رەتلىك، سىپتا بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكى ماشىنا بىلەن توقۇلغان تۈز يوللۇق رەختلەردىن ئانچە قېلىشمايدۇ. كىمخاب مىلادى I ئەسىردىن II ئەسىرگىچە كىروراندا كەڭ تارقالغان بولۇپ، كىرورانلىقلار ئۇنىڭدىن كىيىم - كېچەك تىككەن، پەلەي، پايپاق توقۇغان. بۇ جايدىن تېپىلغان يىپەك رەختلەرنىڭ توقۇلغان ۋاقتىمۇ شۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە ئىچى قىزىل، تېشى قارا سىرلانغان ياغاچ تاۋاق پارچىسى، قىزىل سىرلانغان يۇملاق قاچىنىڭ تۈۋى، ياغاچ ساندۇق پارچىسى، قىزىل ۋە قارا سىرلانغان ئوقيا دەستىلىرى، كىچىك ياغاچ كورا، ياغاچ تەخسە، ياغاچ كوزا، دۇشە قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان.

كىروران شەھىرىدىن نۇرغۇن خەت - چەك ۋە تارىشا پۈتۈك تېپىلغاندىن باشقا، يەنە «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرگە تەدبىر» ناملىق قوليازما تېپىلغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى كىروران بەگلىكىنىڭ خانى ۋېنتوگېت پايتەختىنى جەنۇبقا كۆچۈرۈپ، بەگلىك نامىنى پىششانغا ئۆزگەرتكەندىن تارتىپ، ئۇۋان شەھىرى ئۇنىڭ مەركىزىي سۈپىتىدە مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇۋان شەھىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تاشلىنىپ قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇ يىپەك يولىدىكى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئۆتكەل ئىدى.

قەدىمكى مىران (ئۇۋان) شەھىرى — ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مىران دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنىنىڭ 36- تۈەنى جايلاشقان) نىڭ ئابىدان دېگەن يېرىدە بولۇپ، كونا شەھەر ئىزى چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىن 78 كىلومېتىر يىراقلىقتا. چىڭخەي - شىنجاڭ تاش يولى شەھەر مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بۇرۇن سۈيى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاققان بىر دەريا ئىزى بار. شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا بۇ جاينىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خېلى روناق تاپقانلىقىنى، ئاھالىسىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ نىسبەتەن تەرەققىي تاپقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. شەھەر غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، كېيىن ئاۋاتلىشىپ، شۇ رايوندىكى مۇھىم شە-

ھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

سىتەيىن مىراننى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇ جايدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن ئىبادەتخانا تېمىدىكى قاناتلىق پەرىنىڭ رەسمىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1959 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى مىران قەدىمىي شەھەرئىزىدىن 400 دىن كۆپرەك تۈرلۈك يېزىقتىكى تارىشا پۈتۈك ۋە سامان قەغەزگە يېزىلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى ھۆججەت، خەت-چەكلەرنى، قىزىل ۋە كۆلرەڭ تۈرلۈك ساپال پارچىلارنى، كۆندىن ئىشلەنگەن غىلاپ، سۆڭەكتە ياسالغان پىچاق دەستىسى، تۈرلۈك قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى، گىلەم پارچىلىرى، ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك رەختلەرنىڭ پارچىلىرى، تۆمۈر قوراللارنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە ئارپا، بۇغداي، تېرىق (سۆك) لارنى، فارفور بۇيۇملار، زىننەت بۇيۇملىرى، كىگىز - پالاز پارچىلىرى قاتارلىقلارنى قېزىۋالغان⑧.

كىروران تۇغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرى (مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى) غا كەلگەندە تۇساتتىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنىڭغا كىروراننىڭ تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى.

كىروران دائىرىسىدىكى خارابە ئىزلىرىنى كۆزەتسەك، ئەينى چاغدا ئۇ يەردە دەريا - ئېقىنلارنىڭ زىچلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇ چاغلاردا دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆل (كۆلچەك) لەر بولغان. بۇ دەريا - ئېقىنلار، كۆللەر قەدىمكى كىرورانلىقلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە، ئاۋۇشىغا، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا تىيانشان قارا قۇرۇم تاغلىرى (ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چۆلتاغ ۋە پامىر تىزمىلىرىدا ئەسلىدە بىر تۇتاش مۇزلۇقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا بۇ مۇزلۇقلار ئازىيىپ كەتكەن، تاغلاردىكى مۇز زاپىسىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، ھاۋارايىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، قار - يامغۇر ئاز ياغىدىغان قۇرغاقا مايىل مۇھىت شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن مۇزلۇقلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان چوڭ - كىچىك دەريا، ئېقىنلار ۋە يۇلتۇز كۆلى (لوپنۇر كۆلى) گە ئوخشاش كۆللەر قۇرۇشقا باشلىغان.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاساسىي دەريا - تارىم دەرياسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسى شاياردىن ئۆتكەندىن كېيىن

بەش ئېقىنغا بۆلۈنۈپ، لوپنۇرنىڭ تېكەنلىك دېگەن يېرىگە كەلگەندە يەنە بىر ئېقىنغا مەركەزلىشىپ شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلى ۋە لۇخاۋق كۆلىگە ئوخشاش كۆز يەتمەس تەبىئىي سۇ ئامبارلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر ئەتراپىغا كەلگەندە ئۆزگەرتكەن ئېقىنلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئۈپقان، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى قىيىقى، يۇمىلاق، ئاچچىق ۋە ئۆگەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر پەقەت ئۆگەن دەرياسىدىلا سۇ بار. قالغان ئېقىنلىرى قۇرۇپ كەتكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى يۇرت، مەھەللەر ئەنە شۇ ئۈپقان دەرياسى ئېقىنىغا جايلاشقان. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بۇ ئېقىنلار قۇم ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇسۇلۇپ قالغاچقا، كىروران شەھىرىگە سۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. پايونىيلىك چىيەنداۋشىنىسى ئەپەندى: «يېپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن كىتابىدا: «مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پىشامشانىۋ تەبىئىي شارائىتنىڭ قاتتىق ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماي، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن يولىنىڭ كۆچۈشى بىلەن تاشلىنىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەت ياشىغان بۇ جايلار بار ـ بارا كۆچمە قۇم ئاستىدا قالغان» دەپ يازغان.

كىروراندىن قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەزگە يېزىلغان خەت ـ چەكلەردە بۇ جايدا تۇرۇشلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسىملارنىڭ يېمەك، ئاشلىق ۋە باشقا تەمىنات ئۆلچىمىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە سۇ باشلاپ كېلىشنىڭ قىيىن بولىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان، نېمە ئۈچۈن ئەمەلدارلار ـ ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك، ئاشلىق ئۆلچىمى ئۈزلۈكسىز ئازايتىلىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە، ئۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى سۇ دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى، سۇ ئازىيىپ كىروراندا تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىغاچقا، ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە غەربىي يۇرت دۇرغاپ مەھكىمىسى خەيتۇ ـــ لوپنۇرغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كىروراندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 10 مىڭچە ئادەم ئۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن.

سۇ مەنبەسى ئازىيىپ دەريا ـ كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى كىروران شەھىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەب، بۇنىڭدىن باشقا مىلادى III_IV ئەسىرلەردە لوپنۇر رايونىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بۇزۇلۇپ، ئەسلىدىكى يامغۇر ـ يېغىنى كۆپ، ئىللىق، نەم بولۇشتەك ئىقلىمى، يامغۇر ئاز

ياغىدىغان قۇرغاق ئىقلىمغا ئۆزگەرگەنلىكى كىروراننىڭ تاشلىنىپ قېلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

كىروران ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بەزىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ يامانلاشقانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ھەر قايسى مەملىكەت ھۆكۈمرانلار سىنىپى ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ئورمانلار نابۇت بولدى، بەزى ئاھالىلەر يۇرتىنى تاشلاپ قاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە، كۆپلەپ بوز يەر ئېچىشتا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە تەبىئىي ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆپلەپ كېسىلىشىگە ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا ئەگىشىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، كۆچمە قۇملارنىڭ توسالغۇسىز كۆچۈشى تېزلەشكەن. نەتىجىدە دەريا - ئېقىنلار توسۇلۇپ قېلىپ، دەريانىڭ ئايىغىدىكى مۇنبەت جايلار تەدرىجىي چۆلدەرەپ كەتكەن. بۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەر كۆچۈشكە باشلىغان. مانا شۇ كۆچۈش دەۋرىدە يەنە بىر قىسىم بوستانلىقلار ئۆز ئاۋاتلىقىنى ساقلاپ قالغان، يەرلىك رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، كۆچكەنلەرنىڭ بىر قىسمى تارىم دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگە بارغان، خوتەنگە كۆچۈپ بارغان ئاھالىلەر خوتەن دەرياسى (يۇرۇڭقاش دەرياسى) نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى جايلارغا ماكانلاشقان. لوپ دېگەن ئىسىم بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئەسلى ماكانىدىكى لوپ كۆلىنىڭ نامىدا قويۇلغان. مىلادى V ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تۇرپان ئويمانلىقى ئارقىلىق بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان، ئۇلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن بۇ جايدىكى كۆچۈپ كەتمىگەن ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە تەكلىماكاننىڭ قۇم - بورانلىرى تامامەن ئىگىلەپ بولالمىغان يېشىل بوستانلىقلارنى قوغداپ قالغان.

كىروران رايونغا كۆچۈپ كەلگەن قوۋملار ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىدىغان قەبىلىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نامى يەرلىك خەلقلەر قوللىنىدىغان قاروشتى تىلىدىكى «جاككا» («جاك - ھارۋا چاقى») سۆزى بىلەن ئاتالغان، بۇ يۇرتنىڭ نامىمۇ ئاخىر «چاقلىق» دەپ ئاتالغان.

قىسقىسى، مىلادى III ئەسىردىن V ئەسىرگىچە كىروراننىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى، سۇنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، قۇم-بوراننىڭ بېسىپ كىرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەرنى ئۆز ماكانىدىن ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ

تارىخىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن كىرىوران زېمىنى قۇم ئاستىدا قېلىپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىزاھلار:

① شاۋلىيەن: «كىرىوران، مىران، لوپنۇرلۇقلار»، «يىپەك يولى ساياھىتى»، 6-سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىل 4-ئاي.

② لياڭجىڭجى: «خەن دەۋرىدە تارىم رايونىدىكى نوپۇسنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» 1988-يىل 4-سان.

③④ خۇشەن: «كىرىوران شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982-يىل 11-سان.

⑤ خۇاڭ ۋېنبىي: «كىرىوران بەگلىكىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ غەربىي رايون قاتنىشىدىكى ئورنى»، «غەربىي شىمال تارىخ، جۇغراپىيىسىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 1981-يىلى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى.

⑥ ستەيىن: «ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمى» 91-بەت.

⑦ ۋايسارا — كارۇشتى يېزىقىدا «ئاۋجىنلار» دەپ ئاتالغان. بۇ قەبىلە غەربىي رايوندىكى ئەڭ قەدىمكى يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى گەنسۇ، چىڭخەيگىچە يېتىپ بارغان. قەدىمكى ئۇدۇن خانلىرى ۋە مەشھۇر ئەربابلار «ۋىيسارا»، «ۋايسارا»، «ئاۋجىنا» دېگەن نامنى ئىسمىنىڭ بېشىدا قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

⑧ چېڭ نيەنزۇڭ: «چاقىلىق مىران شەھىرىدىن يېڭى تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1960-يىل، 8-9-سان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئەرشىدىن ئابدۇرېھىم

تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى كەڭ ئوقۇتۇلىدىغان پەنلەر ساھەسىگە چېتىلىدۇ. بۇ مەسىلە ھازىرغا قەدەر ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە بەس - مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مۇھىم تەتقىقات تېمىسى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە گەرچە جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلغۇدەك ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىدى. كۆز قاراشلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئالاھىدە مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ھەم ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ فىزىولوگىيىلىك مېخانىزمىنى ئېچىپ بېرىشكە، ئىنسانلار تىلىنىڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا، پەلسەپىۋى ئىدىيىنى بېيىتىشقا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ، ھەم بالىلارغا باشلانغۇچ تەلىم - تەربىيە بېرىش، ماشىنا ئارقىلىق تەرجىمە قىلىش، سۈنئىي ئەقلىي قابىلىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدىن نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. غەرب پسىخولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى كۆز قارىشىنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق بەش خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تىل بىلەن تەپەككۇر باراۋەر.

(2) تىل تەپەككۇرنى بەلگىلەيدۇ.

(3) تىل تەپەككۇرغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(4) تەپەككۇر تىلنى بەلگىلەيدۇ.

(5) تەپەككۇر بىلەن تىل بىر - بىرىگە بېقىنمايدۇ①.

مەملىكىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ، بۇ مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، تەپەككۇر تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل بولمايدىكەن، تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ. تىل بىلەن تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىل بىلەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر، تەپەككۇر تىلنى ماددىي تاشقى پوستلاق قىلىشى كېرەك، تەپەككۇر تىلنى ماتېرىيال قىلىش ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ؛ تىل بولسا تەپەككۇرنىڭ بىۋاسىتە رېئاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تىلدىن ئايرىلغان تەپەككۇر زادى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇلار، تەپەككۇر ئاۋازسىز ئىچكى تىل پائالىيىتىدۇر، تىل بىلەن تەپەككۇر بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكى يولداشلار ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلە توغرىلىق ئاللىقاچان ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىپ بولغان، فىزىولوگىيە جەھەتتىكى تەجرىبىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار تىلسىز تەپەككۇر مەۋجۇت، تەپەككۇر بىلەن تىل ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەيئى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەزمۇن بىلەن شەكىل جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، تەپەككۇر پەيدا بولىدىغان ماددا چوڭ مېڭە پوستلىقى، تىل پەيدا بولىدىغان ماددا ئاۋۇش پەردىسى تەپەككۇر تىلدىن بۇرۇن پەيدا بولغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر بىرلىكى يوق، بۇ خىل ئىختىلاپ ھازىرغىچە ھەل قىلىنماي كەلدى.

ئۇنداق بولسا، تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ۋە ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلغۇدەك خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال بۇ مەسىلىنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىنى ۋە چىقىش نۇقتىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ئەگەر دائىرىسى بەلگىلەنمىسە، چىقىش

نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسا، كۆز قاراشتىكى ئىختىلاپنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش تەس بولۇپ قالىدۇ - دە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماي، بەلكى بىرلىك بولمىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان خۇلاسە چىقىرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر ئورتاق مۇھاكىمە دائىرىسىنى ۋە ئورتاق چىقىش نۇقتىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. بۇ تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر. بىرىنچىدىن، تەپەككۇرنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە قايسى تۈردىكى تەپەككۇرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بېكىتىۋېلىش لازىم. بىز بىلىمىزكى، تەپەككۇر بىر خىل پسىخىك جەريان، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئورتاق، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ كەڭ مەنىدىكى تەپەككۇر ۋە تار مەنىدىكى تەپەككۇر دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. تەپەككۇر تار مەنىدىكى ئابستراكت مەنتىقىلىق تەپەككۇرنى كۆرسىتەمدۇ ياكى كونكرېت ھەرىكەت تەپەككۇرنى، بىۋاستە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ۋە ئابستراكت تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تەپەككۇرلارنى كۆرسىتەمدۇ ۋە ياكى نورمال ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ياكى ھايۋانلار تەپەككۇرىنى كۆرسىتەمدۇ؟ مانابۇلار ئالدىن ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمايدىكەن. تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەل قىلىنمايلا قالماي، مۇقەررەر ھالدا كۆز قاراش جەھەتتىكى ئىختىلاپلار كېلىپ چىقىدۇ.

نەزەرىيە ساھەسىدە خىلمۇ خىل كۆز قاراشلار ۋە ئىختىلاپلارنىڭ بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ھازىرغىچە ھەل قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر تەپەككۇر نورمال ئادەملەر تەپەككۇرىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا تار مەنىدىكى ئابستراكت تەپەككۇرغىلا قارىتىلىپ ئېيتىلغان، ئۇ ھايۋانلار تەپەككۇرى؛ بوۋاق - گۆدەك باللار گاس - گاچىلار تەپەككۇرى ۋە ئادەملەرنىڭ كونكرېت ھەرىكەت تەپەككۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر تەپەككۇرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىسى بار، تەپەككۇر نورمال ئادەملەرنىڭ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئادەملەرنىڭ كونكرېت ھەرىكەت تەپەككۇرىنى ۋە بىۋاستە ئوبرازلىق تەپەككۇرىنى، شۇنىڭدەك ھايۋانلار تەپەككۇرى، بوۋاق-

گۈدەك باللار تەپەككۇرى، گاس - گاچىلار تەپەككۇرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. روشەنكى ھەر ئىككى خىل كۆز قاراشتىكىلەر ئۆزدىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماتېرىياللىغا ئاساسلىنىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىغان. گەرچە بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسي بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى خىل كۆز قاراشتا بىر تەرەپلىمىلىك بار. مەسىلىگە بولغان ئەتراپلىق دىئالېكتىك تەھلىل كەمچىل. مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، كۆز قارىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدىغان خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن، توغرا ئۇسۇل ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە قوللىنىپ، كەڭ مەنىدىكى تەپەككۇرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسى ۋە چىقىش نۇقتىسىنى، ئوخشاش بولمىغان مەنىدىكى ھەر خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولغان تەپەككۇر ئۈستىدە ئەتراپلىق دىئالېكتىك تەھلىل قىلىش ۋە دەلىللەش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

ئىككىنچىدىن، بۇ يەردىكى مۇناسىۋەتنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئەگەر تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى ئۈستىدىكى مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا، بۇ يەردىكى مەسىلە تىل بىلەن تەپەككۇردىن قايسىسىنىڭ ئاۋۋال پەيدا بولغانلىقىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. يەنى، تىل بۇرۇن پەيدا بولامدۇ ياكى تەپەككۇرمۇ؟ ياكى تىل بىلەن تەپەككۇر ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پەيدا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ، بۇنى ئىندىۋىرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە تىلنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى رولى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا، ھەر خىل تىپتىكى تەپەككۇرنىڭ ھەممىسىگە تىل قاتنىشىشى زۆرۈر بولغان بولىدۇ. تىلغا تايانماي تۇرۇپ تەپەككۇر قىلغىلى بولمىغان بولىدۇ، تىل تەپەككۇرنىڭ بىردىن - بىر قورالى بولغان بولىدۇ. مېنىڭچە، كەڭ مەنىدىكى تەپەككۇرنى ئورتاق مۇھاكىمە دائىرىسى ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى ئۈستىدە ۋە تىلنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانىدىكى رولى ئۈستىدە ئەتراپلىق، دىئالېكتىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى، ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي خۇلاسە چىقار-

قىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە، مېنىڭ قارىشىم مۇنداق:

بىرىنچى، تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر تىلدىن بۇرۇن پەيدا بولىدۇ، تىل كېيىن پەيدا بولىدۇ. بەزى يولداشلار بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئۇلار تىل بىلەن تەپەككۇردىن قايسىسى ئىلگىرى، قايسىسى كېيىن پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە «توخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇممۇ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلە. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسىنى ئايرىشقا بولمايدۇ، تىل بىلەن ئاڭ ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە» دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بىز تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى پاكىتلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق جاۋاب بېرىمىز. شۇنداقلا ماركس، ئېنگېلسنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن ئاساس ئىزلەيمىز.

تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى دېگەندە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش تارىخى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىنسان ھايۋاندىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ھايۋانلار بەدىنىدىن ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنى پۈتۈنلەي ئايرىپ قاراپ، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسى ئىنسانلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىشى كېرەك.

پسىخىكىلىق تەرەققىيات ۋارىسلىق خاراكتېرگە ئىگە، ھايۋانلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات تارىخى بولسا ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئالدىنقى تارىخى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسى ھايۋانلار پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن، شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىنكى، ئىنسانلارنىڭ پسىخىك ھادىسىلىرىدىن بىرى بولغان تەپەككۇرمۇ ھايۋانلار تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، دېمەك، ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ مەنبەسى ھايۋانلار تەپەككۇرىدۇر.

ھايۋانلاردا تەپەككۇر بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا، ئىلگىرى كىشىلەر گۇمانلىق قاراشتا، ھەتتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلدى. لېكىن بارغانسېرى كۆپلىگەن تەتقىقاتلار، تەجرىبىلەر نۇرغۇن ھايۋانلاردا تەپەككۇرنىڭ

مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بەزى ئالىملارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك
ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا،
يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە
بولغان ئىنكاسى تامامەن تۇغما قابىلىيەتتىنلا ئىبارەت بولماستىن،
بەلكى ئۇنىڭدا تەپەككۇر پائالىيىتىمۇ بولىدىكەن. مەسىلەن:
قەپەز ئىچىدىكى قارا ئورانگۇتان قەپەزنىڭ سىرتىدا قويۇلغان، ئېلىشقا قولى
يەتمەيدىغان يېمەكلىكنى تاياقنىڭ ياردىمى بىلەن ئالالىغان. ئوخشاش بولمىغان
تاياق ئىچىدىن مۇۋاپىق بىرىنى تاللىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق يېمەكلىكنى ئالالىغان.
تاياقنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان ئەھۋالدا ھەتتا تاياقنىڭ شاخچىلىرىنى سۇنـ-
دۇرۇپ تاشلىۋېتىپ، «پىششىقلاپ ئىشلەپ» بامبۇك نەيسى ئىچىگە يوشۇرۇپ
قويۇلغان يېمەكلىكلەرنى كولاپ ئالالىغان. ئەنگىلىيە ئايال ئالىمى گۇدىر ئافرى-
قىدا ئۇزاق مەزگىل قارا ئورانگۇتان بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ
خېلىلا مۇرەككەپ تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى، مەسىلەن، تۆشۈك-
تىكى چۇمۇلىنى تاياق بىلەن چىقىرىپ تۇتقانلىقىنى كۆرگەن. يەنە ئۇ ئىككى
ئورانگۇتاننىڭ بانان قاچىلانغان بىر يەشىك ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنى باققا-
نلىقىنى، باشقا ئورانگۇتانلار ئۆزىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ھېچ ئىش يوقتەك خىرپ-
سەنلىك قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، باشقا ئورانگۇتانلار كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن
ساندۇقنى ئېچىپ بانانىنى يېيىشكە كىرىشكەنلىكىنى كۆرگەن. مانا بۇ پاكىتلار
رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، قارا ئورانگۇتاندا تەپەككۇر
پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى»
دېگەن ئەسىرىدە دىيۇرىڭنىڭ «كىمكى تىل ئارقىلىقلا تەپەككۇر قىلالايدىكەن،
ئۇ نېمىنىڭ ئابستراكسىيە ۋە ساپ تەپەككۇر ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ» دېگەن
سۆزىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق بولسا ھايۋانلار ئەڭ ئابسترا-
كت ۋە ئەڭ ساپ تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەك-
كۇرى تىلنىڭ مەجبۇرى ئارىلىشىشى بىلەن ھېچقاچان تۇتۇقلىشىپ كەتمەيدۇ» ②
دېگەنىدى. بۇنىڭدىن ئېنگېلسنىڭمۇ ھايۋانلاردا تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدا تىل
پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا تەپەككۇر پائالىيىتى بولغان. ئىنسانلارنىڭ ئارخېئولوگ-
يىلىك تەتقىقاتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. تىلنىڭ بىخ سۈرۈشى تەپەككۇرنىڭ
بىخ سۈرۈشىدىن كۆپ كېيىن بولغان.

يەككىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ بىر ئەزاسى تاق بولغان ئادەمنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا قارىتىلىپ ئېيتىلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەككىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرلەر سىستېمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئانا قورسىقىدىكى ئادەم تۆرەلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش تارىخى بىزنىڭ هايۋان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قۇرت هالىتىدىن باشلاپ نەچچە مىليون يىللارغا سوزۇلغان جىسمانىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىش تارىخىنىڭ بىر قىسقارتىلمىسى بولغىنىغا ئوخشاش، بالىنىڭ روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشمۇ هايۋان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ — هېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ كېيىنكىلىرىنىڭ — ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىنىڭ بىر قىسقارتىلمىسى، يەنە كېلىپ بۇ تېخىمۇ ئىخچامراق قىسقارتىلمىسى، خالاس». ③ مەملىكىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىدىن، تەجرىبە قىلىشىدىن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىدىن هاسىل قىلىنغان نەتىجىلەر ئىسپاتلىدىكى، «بوۋاقلاردا ۋە بالىلاردا تىل چىقىشتىن بۇرۇن، كۆپ مىقداردا ئاددىي تەپەككۇر مەۋجۇت بولغان بولىدۇ» ④.

جىڭ خەيشىن قاتارلىق يولداشلار كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە ئىگە بولغان. ئۇلار ئائىلە باشلىقلىرى ۋە يەسلى خادىملىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دارىلئېتامى ۋە چاڭچۇن ماشىنسازلىق 1 - يەسلىسىدىكى بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە بولغان 70 بوۋاق ۋە بالا ئۈستىدە كۆزىتىش ۋە تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بوۋاقلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ تىلى چىقىشتىن ۋە تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلاردا تەپەككۇر خاراكتېرلىك پائالىيەتنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايقىغان. مەسىلەن: 11 ئايغا ئەمدىلا توشقان بىر بوۋاق هەر كۈنى يەسلىدىن ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەندە ۋە ئۆيدىن يەسلىگە ئېلىپ كېلىنگەندە شىرە ئۈستىدىكى سۈت بوتۇلكىسىنى ئالغان. بىر كۈنى ئانىسى ئۇنى ئالدىراپ - تېنەپ ئېلىپ مېڭىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغىلا، ئۇ مېڭىشنى خالىمىغاندەك قىلىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ گىدىيىپ تۇرۇۋالغان. ئانىسى نېمە بولغانىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆيگە كىرىپ قارىسا، سۈت بوتۇلكىسى ئۆيدە قالغانىكەن. دېمەك، ئەمدىلا 11 ئايلىق بولغان بوۋاق گەرچە گەپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن هەرىكەت خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئىنكاسىنى بىلدۈرگەن. بوۋاقلاردا ۋە بالىلاردا تىل چىقىشتىن بۇرۇن بىۋاسىتە سېزىم خاراكتېرلىك تەپەككۇر پائالىيىتى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلار كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش

ئاساسىدا، سەككىز تۈرلۈك تەپەككۇر خاراكتېرلىك تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان. بۇ تەجرىبە تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچىسى بىلەن سەككىزىنچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

«ئەرسىنىڭ نامىنى تىل بىلەن ئۇقتۇرۇش، تونۇپ كۆرسىتىش: ماشىنا، قونچاق، توپ قاتارلىقلار بىر يەرگە قويۇپ قويۇلغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت باللارغا شۇ ئەرسىلەرنى تونۇتۇشتىن ئىبارەت بولغان. سىناش نەتىجىسىدە، چوڭلىرى تىل ئارقىلىق ئۇقتۇرغان، كىچىكلىرى بولسا تەربىيىچىسى سورىغان قونچاقنى تېزلىكتىلا تەربىيىچىسىگە توغرا ئېلىپ بېرەلىگەن.

«8 . تاياق بىلەن ئېگىزدىكى ئەرسىنى ئېلىش: قونچاق باللارنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئورۇنغا ئېلىپ قويۇلغان. پەسكە بولسا بىر تال تاياقچە قويۇلغان، بۇنىڭدا ئېگىز يەردە قويۇلغان قونچاقنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنى ئېچىش كۆزدە تۇتۇلغان. نەتىجىدە چوڭلىرى كىچىكلىرىگە، ئېگىزدىكى قونچاقنى ئېلىڭ دېگەندە، كىچىكلىرى ئۇنى ئېلىشقا ئىنتىلگەن، ئەمما ئالالمىغان. كېيىن تاياقنى كۆرۈپ تاياق ئارقىلىق ئالغان»⑤. دېمەك، تەجرىبە نەتىجىسى تىلى چىقمىغان بوۋاق ۋە باللارنىڭمۇ ئاددىي تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىقى بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن، تەپەككۇرنىڭ تىلدىن بۇرۇن پەيدا بولىدىغانلىقىنى تولۇق بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن ئىزاھلاشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تەپەككۇر كەڭ مەنىدىكى تەپەككۇردۇر.

ئەگەر تەپەككۇرنى، تار مەنىدىكى تەپەككۇر يەنى ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرى دېسەك، ئۇ هالدا، بۇنداق تەپەككۇرنىڭ تىلنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ ئاساسەن، ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى رېئاللىقنى ئاساس قىلىدۇ. «ئىككىنچى سىگنال» سۆزنى شەرتلىك غىدىقلىغۇچ ماددا قىلىدۇ. سۆز رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرىدىغان بىر خىل سىگنال بولۇپ، ئۇ تىلنى شەكىللەندۈرىدىغان ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تىلغا تايانغاندىلا، شەيئىلەرنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى بىلىش ئارقىلىق، بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنى ئومۇملاشتۇرغىلى ھەمدە

سۆز ئارقىلىق ئۇلارنى خاتىرىلىگىلى بولىدۇ. ھايۋانلاردا تىل بولمايدۇ. شۇڭا، ئابستراكت تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر پەقەت ئىنسانلارغا خاس پىسخىك جەريانىدۇر. ئۇ پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىدۇر. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «دىئالېكتىك تەپەككۇر — ئۇقۇمنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن — بۇ پەقەت ئادەمدىلا بولىدۇ، ھەمدە پەقەت بىر قەدەر يۇقىرى باسقۇچتا تەرەققىي قىلغان ئادەملەر ... دىلا بولىدۇ.» ⑥ ھالبۇكى، ئادەم مېڭىسى ئەمگەك ۋە تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ مېڭىسىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭغا قارىتا ئېنگېلس «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» دېگەن ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالدى بىلەن ئەمگەك، كېيىن تىل بىلەن ئەمگەك قوشۇلۇپ، ئىككىسى ئەڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن مايمۇننىڭ مېڭىسى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئايلاندى؛ ئادەمنىڭ مېڭىسى مايمۇننىڭكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە تاكامۇللىقى جەھەتتە مايمۇننىڭكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى»⑦ دېگەنىدى. بۇنىڭدىن، ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرى تىلنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، تىلنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى رولى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تىلنىڭ بارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ھاجەت ئەمەس، بىر قىسىم تەپەككۇر پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تىل تەپەككۇرنىڭ بىردىنبىر قورالى ئەمەس. بۇ نۇقتا نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ھايۋانلاردا تىل بولمىغان بىلەن تەپەككۇر بولىدۇ. ئۇلار كونكرېت مۇھىتتا، كونكرېت ھەرىكەت ۋە ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ يەردە ھېچقاچان تىل پائالىيىتى يوق. تىلى چىقمىغان بوۋاق بالىلارمۇ بەزى ئاددىي تەپەككۇرنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار تېخى تىلنى ئىگىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا تىل پائالىيىتى مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن تۇغما گاس - گاچىلار سۆزلىيەلمىگىنى بىلەن تەپەككۇر قىلالايدۇ. مەسىلەن،

مەلۇم بىر گاس - گاچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىر قېتىملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا خورازنىڭ بېشىنى، پۇتىنى، قۇيرۇقىنى بېلەك - بېلەك قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى توققۇزياشلىق بىر بالىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويغان. بۇ بالا ئۇنى راۋرۇس قوراشتۇرۇپ چىققان. يەنە مەسىلەن، ساناق ساناش سىنىقىدا ئوقۇتقۇچى ياغاچ پارچىلىرى، ياڭاق، رەسىم قاتارلىق نەرسىلەرنى گاس - گاچا ئوقۇغۇچىلارغا ساناتقۇزغان، ھەر بىرىنى سانىغاندا بىر بارمىقىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەن. سەككىزياشلىق بىر بالا بىر - بىرلەپ ساناپ بەشكە كەلگەندە توختاپ قالغان. ئاندىن ئوقۇتقۇچى ئىككى تال ياغاچنى ئېلىپ كۆرسەتكەن. بۇ ئوقۇغۇچى ئىككى بارمىقىنى چىقارغان. ئوقۇتقۇچى ئۈچ تال ياغاچ پارچىسىنى ئېلىپ كۆرسەتكەندە، ئۇ ئۈچ بارمىقىنى چىقارغان. روشەنكى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا تىل قاتناشمىغان. پەقەت ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى بىر قەدەر ئاددىراق بولغان، يەنى بىۋاستە سەزگۈ ئوبرازى ئارقىلىق ياكى كونكرېت ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بالىلار ۋە گاس - گاچىلارنىڭ تەپەككۇرى شۇنداق بولۇپلا قالماي، تىل ئىگىلىگەن نورمال ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىغىمۇ پۈتۈنلەي تىلنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى ناتايىن. بىر قىسىم تەپەككۇر پائالىيىتى تىلغا تايانماي تەسەۋۋۇر، كونكرېت ئوبراز ۋە بىۋاستە سەزگۈ پائالىيەتلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «مەلۇم بىر كىشى مەلۇم بىر يول بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئەڭ بۇرۇن يېتىشنى ئويلىغاندا، ئۇ ئۆزى بىۋاستە كۆزەتكەن ئوبراز ئارقىلىق شۇ يولنىڭ پۈتۈن مۇساپىسىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، بۇ يولنى باشقا يوللارنىڭ مۇساپىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ» ⑧. ئۇسسۇلچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق. ئۇلار كونكرېت ھەرىكەت ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تۈرلەر، مەسىلەن، توپ تۈرلىرى، شاخمات ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئادەتتە كونكرېت ئوبراز، تەسەۋۋۇر ياكى بىۋاستە سەزگۈ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كونكرېت پاكىتلاردىن تىلنىڭ بارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسلىكىنى، تىلسىزمۇ تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى، تىلغا تايانمايمۇ بەزى تۆۋەن دەرىجىدىكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغىلى يەنى كونكرېت ھەرىكەت تەپەككۇرى، بىۋاستە ئوبراز تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر تەپەككۇرىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى

بولىدۇ. بۇ تەپەككۇرلار نورمال ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا گەۋدىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ بوۋاقلاردا، كىچىك بالىلاردا ۋە گاس-گاچىلاردا ئىپادىلەنگەن تەپەككۇرغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بىر ئورتاق نۇقتا شۇكى، مەيلى نورمال ئادەم بولسۇن، مەيلى بوۋاقلار، كىچىك بالىلار ۋە گاس - گاچىلار بولسۇن، مەيلى ھايۋانلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كونكرېت تەپەككۇرى، بىۋاسىتە ئوبراز تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر تەپەككۇرى تىلغا تايانمايمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تەپەككۇرلار كونكرېت ھەرىكەتنى، بىۋاسىتە ئوبرازنى ۋە تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن تىلنىڭ ئىنسانلار تەپەككۇرىدىكى رولىنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنسانلارغىلا خاس بولغان ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر چوقۇم تىلنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. تىلغا تايانماي، ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. تىلدىن ئايرىلغان ساپ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر مەۋجۇت ئەمەس. تىل ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىل گەرچە ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ زۆرۈر شەرتى بولسىمۇ، لېكىن تىل ئۇنىڭ تولۇق شەرتى ئەمەس. شۇنداقلا ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ بىردىنبىر قورالى ئەمەس. كىشىلەر ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا، تەسەۋۋۇر ياكى بىۋاسىتە ئوبرازنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج بولىدۇ.

ئىزاھلار:

① «چەت ئەللەرنىڭ پسىخولوگىيىسى» 1984 - يىللىق 2 - سان، 12 - بەت.
② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 545 - بەت.
③ ئېنگېلس «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1973 - يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى، 19 - بەت.
④⑤ «شەرقىي شىمال سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە قىسمى) 1984 - يىللىق 2 - سان، 87 -، 88 - بەتلەر.
⑥ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 517 - بەت.

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 154 - بەتتە)

# تارىخنى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى توغرا تونۇش، مىللەت ئېڭىنى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك

ئىمىنجان ئەخمىدى

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتى، ھەر قېتىملىق زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىنسانلارنىڭ تارىخ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشىگە، ئۆز ئۆزىنى يېڭىدىن بىلىشىگە، ئاڭ ساھەسىدە يېڭى ئۆزگىرىش قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساس قىلغان ناتۇرال يېزا ئىگىلىكى فورمىسىنىڭ تەسىرىدە ياشاپ كەلگەن، خىلمۇ خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ئېغىر ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى، خۇراپات - نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، بىر خىل تۇرغۇنلۇق، بېكىنمىچىلىك روھىي ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈۋالغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئويغىنىپ، ئۆزى توغرىسىدا، تارىخ توغرىسىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى توغرىسىدا، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە تۆھپىسى توغرىسىدا ئويلىنىشى، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش جەريانىغا ئۆتۈشى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىلگىرىلەشنىڭ بەزى ئالامەتلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا - ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شىنخەي ئىنقىلابىغا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ۋە 4 - ماي ھەرىكىتىگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دولقۇن شەكلىگە كىرەلمىگەنىدى.

ماركس: «سىياسىي ئازادلىقنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى بولمايدۇ» دەپ جاكارلاپ، «سىياسىي ئازادلىق» دېگەندە بۇرژۇئا ئىنقىلابى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى، «ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى» نىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكنى بىكار قىلىشنى

ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب① ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىگە ئۆتۈشىدىن ئىبارەت زور سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە بۇ ئۆزگىرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سوتسىيالىزم تۈزۈمى 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېترلىق بۇ كەڭ زېمىندا ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ تارىخى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ھەققىدە ئويلىنىش، قايتا ئويلىنىش، ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش، ئاڭ ساھەسىدە يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، گۈللىنىدىغان دەۋر. ئېلىمىزنىڭ ئەۋزەل سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا بارلىق مىللەتلەر باراۋەر تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. نەتىجىدە، مۇقەررەر ھالدا، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىللە بارلىققا كېلىدىغان مىللەت ھېسسىياتى، ئۆز مىللىتىدىن ئىپتىخارلىنىشتىن بارلىققا كېلىدىغان مىللەت ئېڭى زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋە گۈللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىللەت ھېسسىياتى ۋە مىللەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ئوبيېكتىپ رېئاللىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بىر مۇھىم، يېڭى ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى تونۇغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەھەتتىكى تارىخىي

⑦ ئېنگېلس «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1973 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 9 - بەت.

⑧ «ئاددىي پسىخولوگىيە» [ئەنگلىيە] پوگوسلوف، خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 268 - بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى) مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم

قانۇنىيەتنى ئاڭلىق ئىگىلەپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان زىيالىيلار، كادىرلار ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭرەك، ئۇچۇردىن خەۋەر تېپىشى تېزرەك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، جانىجان مەنپەئىتىنى چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مىللەت ئېڭىمۇ ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر نۇرغۇن ماقالە، ئەسەرلەر يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا ۋە تولۇق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مىللەت ھېسسىياتى ۋە مىللەت ئېڭى «مىللەت ئەزالىرىنى ئۆز - ئارا باغلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەم شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ» ②، «مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنى تەقدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆز ئارا كۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇلاردا روھىي جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئورتاقلىق ۋە بىردەكلىكنى پەيدا قىلىدۇ»③. نۆۋەتتە، مىللەت ھېسسىياتى ۋە مىللەت ئېڭىنى ئوبيېكتىپ ھالدا توغرا تونۇپ ۋە ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزم، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم روھى بويىچە توغرا يېتەكلەش ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە مەن تارىخ ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى توغرا تونۇش مەسىلىسى ھەققىدە نۇقتىلىق ھالدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

تارىخنى توغرا تونۇش مەسىلىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت تارىخىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىمى ناھايىتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ كەلدى. ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر، دىنىي مەزھەپ،

دىنىي خۇراپات كۈچلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە رېئاللىق ئورنىنى ئەپسانە ئىگىلەپ كەتكەنلىكتىن، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى زور دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ بۇنىڭدا بۆلگۈنچى كۈچلەر، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» كۈچلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆز سىياسىي مۇددىئاسى بويىچە ياساپ چىقارغان، بۆلگۈنچىلىك يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان ئاتالمىش بىر قىسىم «رەسمىي تارىخ» لىرى تارىخ ساھەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتى تولۇق ئىدىيە ئازادلىقى ۋە مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىگە بولغان مۇشۇ ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار مەنپەئەتىنىڭ ھىمايىچىسى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، مىللەت مەنبەسى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان مەدەنىيەت، پەلسەپە، دىن، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەنە شۇنداق تەزكىرە - تارىخ، «رەسمىي تارىخ» لارنى تايىنىش ئاساسى قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تېخىمۇ «كەڭ» ۋە «چوڭقۇر» لۇققا ئىگە قىلىش يولىدا كۆپ «ئەجىر» قىلىشتى. مىللەت ھېسسىياتى ۋە مىللەت ئېڭى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيگەن ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تارىخىي باسقۇچىدا ئۇلارنىڭ ئوينىغان سەلبىي رولى ھەقىقەتەنمۇ زور بولدى.

مەن بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئولتۇرماي، كۆپچىلىكنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ، يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن. تارىخ ئىلمى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆپ يىل تەكرار ئىزدىنىشى ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى، ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ كىتاب خۇددى يولداش فېڭ داجېننىڭ ئېيتقىنىدەك: «مەنبەنى تازىلاشقا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن تارىخ جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلىغان ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن رەزىل غەرىزىنى ئېچىپ تاشلاشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت

كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى تارىخ ھەقىقىتى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق »④.

مەدەنىيەت بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ بەلگىسى، ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا نىسبەتەن يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىنى، گۈللىنىشىنى، قۇدرەت تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئەمەلىيىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش شانلىق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئالەمگە تونۇتۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن زور خىزمىتى ئارقىلىق، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە ۋە ئىلمىي سىستېما بويىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەتتىكى بىر قانچە قېتىملىق گۈللىنىش داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تېخىمۇ مول ۋە رەڭدارلىققا ئىگە بولغان مەدەنىيەت مېۋىلىرى ئارقىلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاپ، ئۇنى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار ئىچىدىكى مەلۇم قىممەتكە ئىگە خېلى كۆپ ئەسەرلەر ۋە نۇرغۇن ئەدەبىيات مىراسلىرى ئايرىم كىتاب قىلىنىپ ياكى مۇناسىۋەتلىك ژۇرنال، مەجمۇئە، توپلاملاردا بېسىلىپ چىقتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى بىر قىسىم شەخسلەر، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللارغىچە نامى ۋە ئەسەرلىرى مەلۇم بولمىغان بىر قىسىم ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى، نەتىجىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى زور دەرىجىدە بېيىدى.

مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تونۇش ۋە تەتقىق قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە نۆۋەتتە بىزدە ئىككى خىل خاھىشنىڭ

روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىرى
«تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» فاكچىنىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تەھلىل
قىلماستىنلا ھەددىدىن كۆككە كۆتۈرۈش ۋە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش خاھىشى؛
يەنە بىرى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە
ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان «مەركەزدىن چەتلەش» خاھىشى.

مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە
پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمچە سىياسىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ كەلدى.
يېقىندىن بۇيان پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىمىز بۇ ھەقتە يەنە كۆپ قېتىم توختـ
تالدى، بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەن تۆۋەندە پەقەت بۇ جەھەتتىكى
بىر مۇھىم مەسىلىگە يولداشلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچىمەن.

مۇشۇ ئون نەچچە يىل داۋامىدا ئۇيغۇر تارىخىغا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، ئۇيـ
غۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىگە دائىر بولغان زور بىر قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەر نەشر
قىلىنىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت
قىلىشقا بولمايدۇكى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا چىققان شەخسـ
لەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى، ئوخشاش بولمىغان
ئىدىيىۋى خاھىشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئەسەرلەر چاكىنا،
خاتا، ئەكسىيەتچىل تەرەپلەر، فېئودالىزم ۋە دىنىي خۇراپاتنىڭ مەنىۋى ئەخلەت
ۋە زەھەرلىرى چىقىرىپ تاشلانماي، زۆرۈر ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلمەي،
شۇ پېتىلا ئامما ئىچىگە تارقالدى. قەدىمكىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئېكسپىلاتاتـ
سىيە تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدىيە
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى تەھلىل قىلماي قارىغۇلارچە
قارا - قويۇق قوبۇل قىلىش، ھەتتا كۆككە كۆتۈرۈشتەك خاھىش ماركسىزمغا
پۈتۈنلەي يات، خاتا خاھىش بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەتنىڭ دەۋر تەلىپىگە ماس كېـ
لىدىغان زامانىۋى ئاڭ يېتەكچىلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى
مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېلىپ
كېلىدىغان زىيىنى ۋە سەلبىي رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە
ئۇسۇل مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان «مەركەزدىن چەتلەش» خاھىشىغا كەلسەك، بۇ
خىل خاھىش ماھىيەتتە چوڭقۇر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، قانداقتۇ «تىل
ئومۇمىلىقى»، «دىن ئومۇمىلىقى» نى تۇتقا قىلغان ھالدا مەيدانغا چىقىرىلغان

«تارىخىي مەدەنىيەت ئومۇملۇقى» نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن ئىنتايىن زەھەرلىك سەلبىي تەسىرىدىن كەلگەن. ھالبۇكى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى، ئىزدىنىشى داۋامىدا بۇ خىل خاھىشنى ھەر خىل دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، «تارىخىي مەدەنىيەت ئومۇملۇقى» نەزەرىيىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىققان «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسلىرى»، «ئورتاق بايلىق»، «ئورتاق ئەدەبىي مىراس»، «مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى» (ياكى مەدەنىيىتى) دېگەندەك بىر قاتار ئاتاش ۋە قاراشلار بۇ خىل خاھىشنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى.

يولداش ليۇ بىننىڭ «‹تارىخىي مەدەنىيەت ئومۇملۇقى›غا باھا» ⑤ سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ماقالىنىڭ قوزغاتقۇچ رولى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

— ئىنسانلار سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرگە ئويۇشقاندىن بۇيان، ئابستراكت بىر پۈتۈن ئىنسان مەدەنىيىتى بولۇپ باققان ئەمەس. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى 2 مىڭ يىلدىن بۇيان بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنىڭ تېشىدىن مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشلا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

— شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بولغان بىرلىكى تىل ۋە دىن ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشمىغان ياكى باشقا ئايرىم مەدەنىيەت ئامىللىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن. بۇ بىرلىكنىڭ ئاساسى قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي جەھەتتىكى ئۆز ئارا تايىنىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىچ ئالاقىدىن ئىبارەت. تىل بىلەن دىن «تارىخىي مەدەنىيەت رايونى»نى شەكىللەندۈرىدۇ، مۇئەييەن «كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت ئومۇملۇقى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ دەپ قاراش ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا خىلاپ، ئۇنداق قاراش ماركسىزملىق مەيداندىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىك بولىدۇ.

— مەيلى تىل ئومۇملۇقى نەزەرىيىسى بولسۇن، مەيلى دىن ئومۇملۇقى نەزەرىيىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يېڭى نەزەرىيە ئەمەس، ئۇ يەنىلا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنىڭ زەھەرلىرى سىڭدۈرۈلگەن، قاش - كۆزى ياساپ قويۇلغان «پان» مەدەنىيەت مەسلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداق ساختا ئىلمىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزغا كاشىلا قىلىشىغا يول قويۇلسا، ماركسىزمنىڭ تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى مۇجمەللىشىپ قالىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ مۇقىملىقىغا ئىنتايىن چوڭ زىيان يېتىدۇ. بىلىش كېرەككى، دۇنيا كاپىتالىزمى ۋە زومىگەرلىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ستراتېگىيىسىدە «مەدەنىيەت بۆلگۈنچىلىكى» كۆپ ھاللاردا «سىياسىي بۆلگۈنچىلىك» نىڭ باشلامچىسى بولىدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارىخىدا «پانتۈركىزم» «سىياسىي بۆلگۈنچىلىكى» نىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىق رولىنىڭ «مەدەنىيەت بۆلگۈنچىلىكى» ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.

مەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىۋاتقان، تەتقىق قىلىۋاتقان يولداشلارنى يولداش لىيۇ بىننىڭ ماقالىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل كۆرۈپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن. بۇ خىل ئويلىنىشنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچە ۋە تەتقىقاتلىرىمىزدىكى خاتالىق ۋە مۇجمەللىكلەرنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز ۋە تۈزىتىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

مىللەتنىڭ ۋەكىلى بولغان، كۈچلۈك مىللەت ئېڭىغا ئىگە بولغان زىيالىيلار، كادىرلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا نىشان ۋە قاراشقا ئىگە بولۇپ، مىللەت ئېڭىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم روھى بويىچە توغرا يېتەكلەشنىڭ ماھىر باشچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلار:

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1956 - يىل خەنزۇچە نەشرى 1 - توم 435 - بەت.
② ياڭ جىڭچۇ «مىللەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» («مىللەت-

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 162 - بەتتە)

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

مۇھەممەتجان ئىسمايىل

ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش شەكلى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تارىخى، مەدەنىيىتى بولغىنىدەك، مەزمۇنغا باي، مول ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ بولىدۇ.

ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركى: «جاھان ئەدەبىيات تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى خەلق بارلىق ماددىي بايلىقنى ياراتقۇچىلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى بايلىقنىڭمۇ بىردىنبىر پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسى» (ماكسىم گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 ـ توم 75 ـ بەت) دەپ ئېيتقاندەك، جۇڭگودىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ھەر بىر مەزگىلىدە، ئۆزىگە خاس ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇسلۇبى مىللىي، مەزمۇنغا باي، تېما جەھەتتىن خىلمۇ خىل بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىقنى ياراتتى. بۇ بايلىقلار ئىچىدە مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ۋە باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ژانىرلارنىڭ بىرى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەسەللەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى، ئۇ ئوخشىتىش، سىبىلىشتۇرۇش سىمۋوللاشتۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، مۇئەييەن بەدىئىي مەزمۇنني ئىپادىلىگۈچى لەتىپە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئىخچام ھېكايىلەردىن ئىبارەت. بۇ

ھېكايىلەردە ئەمگەكچى خەلق، ھايۋانات، ئۇچار قۇش، دەل-دەرەخ، گۈل - گىياھ، قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىق شەيئىلەر ئوبرازىغا كۆچمە مەزمۇن بېغىشلايدۇ.

مەسەللەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئوبرازلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى جەھەتلەردىن ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەك ۋە لەتىپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مەسەللەرنىڭ ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەك ۋە لەتىپىلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما بۇ خىل ئورتاقلىقتىن باشقا، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ماقالىدە دەل مۇشۇ تېما ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش مەقسەت قىلىنغان، ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كەڭ كىتابخانلار بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1. خەلق مەسەللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى

مەسەللەر گەرچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ فانتازىيە خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك بىر ژانىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلىرىدە توپلىغان مول بىلىملىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەسەللەر دەسلەپتە ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەرگە ئىجتىمائىي مەزمۇن بېرىشتىن پەيدا بولغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى بۇ رېئاللىق خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى

---

لەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سانى 39 - بەت).

③ بەي فېڭشيەن «مىللەت ھېسسىياتى ھەققىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىم» («مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق ئۇيغۇرچە 4 - سانى 30 - بەت).

④ فېڭ داجېن «شىنجاڭ تارىخىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرايلى» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانى).

⑤ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى خەنزۇچە سانىدا ۋە 1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى» ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم

سەھەپسەندە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەر پەيدا بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتكەندە، ئادەم بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شالاڭلاشتى. بۇ چاغدا كىشىلەر ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى داۋاملىق ئىجات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ھاياتنى ئىپادىلەش بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولدى ھەم شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھايۋاناتلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىدىيە ھېسسىياتلىرىنى ئاشكارىلىدى. مانا شۇندىن باشلاپ، مەسەلدىن ئىبارەت بۇ خىل ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى ۋۇجۇدقا كەلدى. مەسەللەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھايۋان-لارنىڭ ھەرىكىتى، ئىخچام دىئالوگلىرى ياكى مەلۇم جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى قورالىغا ئايلاندى. ئەينى زاماندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنى ئەزگۈچى زالىملارغا ۋە ئۇلار-نىڭ گۇپپاڭچىلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئارزۇ - ئار-مانلىرىنى تۈرلۈك چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن توغرىدىنتوغرا بايان قىلىش ئىمكانىيە-تىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانات، ئۇچار قۇش قاتارلىق مەخلۇقلارنى مەجازلاشتۇرۇپ بايان قىلىش ۋاستىسىنى قوللانغاندى. بۇ كۆز قارىشىمىزنى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» ناملىق مەسەلنى مىسالغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس، بۆرە، تۈلكىدىن ئىبارەت ئۈچ مەخلۇق شېرى-كلىشىپ ئوۋغا چىقىپتۇ ۋە بىر كېيىك، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كەپتۇ. بۇ چاغدا يولۋاس بۇلارنى قانداق يېيىش توغرىسىدا گەپ ئېچىپ:

— بۇ نەرسىلەرنى سەن تەقسىم قىل! — دەپتۇ بۆرىگە. — ماقۇل، - دەپ تەقسىم قىلىشقا باشلاپتۇ بۆرە، - تەقسىر، ئۆزلىرى چوڭىمىز بولغاندىكىن، كېيىكنى يېسىلە، قىرغاۋۇلنى مەن يەي، ئىنىمىز تۈلكە ئۆز ھالىغا قاراپ توشقاننى يېسۇن.

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس دەرغەزەپ بولۇپ، بۆرىنى كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالغانىكەن، ئۇنىڭ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ تۈلكىگە قاراپ: — سەن تەقسىم قىل! — دەپتۇ.

— خوپ تەقسىر، - دەپ تەقسىماتقا كىرىشىپتۇ تۈلكە،- توشقان جانابلىرىنىڭ

ناشتىلىقى بولسۇن، قىرغاۋۇل جانابلىرىنىڭ چۈشلۈكى بولسۇن، كېيىك جاناب-
لىرىنىڭ كەچلىكى بولسۇن، سىلەردىن ئاشسا بىز يەيلى، ئاشمىسا مەيلى.

يولۋاس تۈلكىنىڭ تەقسىماتىنى بەك ياقتۇرۇپ كېتىپتۇ-دە، تۈلكىگە:

— سەن بۇنداق ئادىل تەقسىم قىلىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ - دەپتۇ.

— بۇرادىرىم بۆرىنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىدىن ئۆگەندىم تەقسىرا- دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە ھودۇقماي تۇرۇپ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مەسەلدە بايان قىلىنغان گەپلەر كۆرۈنۈشتە
يولۋاس، بۆرە، ۋە تۈلكىدىن ئىبارەت مەخلۇقلار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك
قىلسىمۇ، ماھىيەتتە يولۋاس زالىم پادىشاھنىڭ ئوبرازىغا تەقلىد قىلىنىپ،
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەق-ناھەقنى ئاستىن ئۈستىن قىلىدىغان ئەزگۈچى سىنىپ
ۋەكىللىرىگە بولغان نارازىلىق ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

خەلق مەسەللىرى پەيدا بولغان ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان، ئۇ خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى باغچىسىنىڭ بىر خىل خۇشپۇراق گۈلىگە ئايلىنىش بىلەن بىللە،
ھەر قايسى دەۋر ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن،
بەلكى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات سەھىپىسىدىنمۇ مۇناسىپ
ئورۇن ئالدى ۋە پوئېزىيىمىزدە ئاپتورلۇق مەسەللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەزمۇن
ھەم شەكىل جەھەتتىن مول تەجرىبە، ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مەسىلەن،
بۇ قارىشىمىزنى مەسەل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان نامايەندىلىرىمىزنىڭ
ۋەكىلى سۈپىتىدە XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان
ئەدىب موللا بىلال ئىبنى موللا يۈسۈف خوتەنىنىڭ «قارچۇغىنىڭ ئارزۇسى»
ناملىق مەسەلى بىلەن؛ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازما ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزىنىڭ
مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن بېيىتقان ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پېش-
قەدەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەلى
بىلەن ئىسپاتلايمىز.

قىسقىسى، يۇقىرىدىقى پاكىتلار ۋە شەرھلەنگەن كۆز قاراشلاردىن شۇنى چۈشە-
نىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەسەلچىلىك ژانىرى مەيلى ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىيات سەھىپىسىدە بول-
سۇن، ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرى-
مىزنىڭ جاپاغا چىداپ ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشى نەتىجىسىدە ئۈزلۈكسىز تەرەق-

قىي قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زوراۋان كۈچلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك رەزىللىكلەرنى قامچىلايدىغان مەنىۋى قورالغا ئايلانغان.

## 2. خەلق مەسەللىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى

خەلق مەسەللىرى قۇرۇلما ۋە تىل جەھەتتىن ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەردىن خېلىلا ئاددىي كېلىدۇ. خەلق لەتىپىلىرىگە قىسمەن ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن، ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ بايان قىلىدىغىنى ھايۋانات، ئۇچار قۇش، گۈل - گىياھ قاتارلىقلار ۋە ھادىسىلەر بولىسىمۇ، ئەمما ئۇ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىنىپىي ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيە ياۋۇز ھەم مەككار مەخلۇقلارنىڭ ئاجىز ۋە ساپدىل مەخلۇقلارغا زىيان يەتكۈزۈشتەك تەبىئەتتىكى رېئال پاكىت ئارقىلىق خەلقنىڭ ئادالەتسىز ئىجتىمائىي رېئاللىققا قارشى روھىي - كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ، سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەلۇمكى ھايۋان، قۇش قاتارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت — تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھېچقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆز ئەينىگە تەڭ ئەمەس. بۇ مەخلۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئاجىز، بەزىلىرى كۈچلۈك، بەزىلىرى ياۋۇز تەبىئەتلىك، بەزىلىرى مۇلايىم كېلىدۇ، بەزىلىرى ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بەزىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ. لېكىن ھايۋان، قۇش قاتارلىق مەخلۇقلارنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زۇلۇم مۇناسىۋىتىگە تەڭلەشتۈرگىلى، ئوخشاش ئورۇندا قويغىلى ئەسلا بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئەمگەكچى خەلق زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن خارلىنىپ ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەلدى. تەبىئەتتىكى ۋە جەمئىيەتتىكى بۇ خىل پاكىتلار ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا مەسەللەرنى ئىجاد قىلىشتا مەخلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى مەجازلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەنە شۇنداق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بەردى. ئەمگەكچى خەلق جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە مەجازلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئىجاد قىلغان بۇ مەسەللەر

كىشىلەرگە تەبىئەتتىكى ياۋۇز، مەككار مەخلۇقلارنىڭ ھۇلايىم، ساپدىل مەخلۇقلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، بۇ خىل ياۋۇز مەخلۇقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ئاجىز، ھۇلايىم، ساپدىل مەخلۇقلارغا ياخشى كۈن بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەكچى خەلق ئۆز مەسەللىرىنىڭ خاتىمىسىنى ئاجىزلار بالادىن قۇتۇلغان، زالىملار تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدىغان ياكى مەسخىرىگە ئۇچرايدىغان شەكىل بويىچە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاقا بىلەن چايان دوست بوپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ.

— دەريادىن قانداق ئۆتىمەن؟ — دەپتۇ چايان.

— مەن تۇرغان يەردە نېمىدىن غەم يەيسەن؟ — دەپتۇ پاقا، — ماڭا ھاپاش بول، ئۆتكۈزۈپ قويىمەن.

چايان پاقىغا ھاپاش بوپتۇ. پاقا سۇغا كىرىپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە چايان تۇساتتىن دوستى پاقىنىڭ دۈمبىسىگە «تارس» قىلىپ نەشتەر ئۇرۇپتۇ.

— ئاغىنە بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پاقا چاياندىن خاپا بولۇپ.

— ھېچنېمە بولمىدىم دوستۇم، بۇ مېنىڭ ئادىتىم، بىر نەرسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرمىسام زادىلا تۇرالمايمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چايان.

قاتتىق غەزەپلەنگەن پاقا ئىچىدە «خەپ توختا» دەپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئاستا - ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن چايان ئالدىراپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— ۋايجان! نېمە قىلىۋاتىسەن دوستۇم؟ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇمغۇ!

— ۋارقىرىما ئاغىنە، سۇغا چۆكۈش مېنىڭ ئادىتىم، سۇنى كۆرسەم يايراپ كېتىمەن، بىر چۆكۈۋالمىسام پۇخادىن چىقمايمەن - دە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاقا ۋە راستىنلا سۇغا چۆكۈپتۇ، چايان تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى يەنە «ئەقىل - پاراسەتلىك توشقان»، «خوراز بىلەن بۆرە»، «توخۇ بىلەن ئىت» قاتارلىق مەسەللەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەخلۇقاتلار مۇناسىۋىتىدە قويىنىڭ بۆرە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەلۋەتتە رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق فانتازىيىلىك بەدىئىي شەكىلدە خەلقنىڭ خاھىشى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاجىزلارغا، خارلانغۇچىلارغا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە زوراۋان مۇشتۇمزورلارغا بولغان سىنىپىي ئۆچمەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. خەلق ئۆز مەسەللىرىدە، مەجازلاشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشلەردە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارىتا تونۇشىنى بۇ مەخلۇقاتلارغا بولۇپمۇ ھايۋان، قۇش قاتارلىقلارغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي دۈشمىنىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇڭا مەسەللەردە سەلبىي ئوبراز رولىنى ئوينىغان ھەر قانداق بىر مەخلۇق، بىر تەرەپتىن ياۋۇز تەبىئەتلىك قىلىپ سۈرەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۆت، تەكەببۇر ۋە مەككار قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. كىشىلەر بۇ سەلبىي ئوبرازلاردىن زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىۋالغان مۇدھىش كۈچلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشچان، ساپدىل، پاراسەتلىك، ئادىل بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى مەسەللەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، خارلانغان مەخلۇقلار ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

خەلق مەسەللىرى ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ئادەم توغرىسىدىكى ھېكايىلەردۇر، ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەر بولسا ھەم ھايۋانات توغرىسىدىكى، ھەم ئادەم توغرىسىدىكى چۆچەكلەردۇر. مانا بۇ مەسەللەرنىڭ ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مەسەللەردىكى مەخلۇقلار فانتازىيە خاراكتېرلىك بەدىئىي ئوبرازلار بولۇپ، گەرچە ھايۋان، قۇش قاتارلىقلار قىياپىتىدە ئىپادىلەنسىمۇ، بۇلارنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەينى قىياپىتى دېيىشكە زادىلا بولمايدۇ. ئۇلار ئادەم قىياپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەمەس، ئەمما ئۇلار ئادەمدىلا بولۇشقا تېگىشلىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئادەمگە ئوخشاش پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن مەسەللەردىكى ئوبرازلارنىڭ ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەكلەردىن خېلىلا مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھەمدە فانتازىيە ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان رېئال ئادەم ئوبرازى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## 3 . خەلق مەسەللىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئادەتتە ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدە خاراكتېر، مىجەز - خۇلقلىرى ئاساسەن يولۋاس، بۆرە، شىر ۋە ئېيىققا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار زالىم پادىشاھ، ياۋۇز ئەمەلدار ۋە قارا نىيەت ئەبلەخلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. تۈلكە، سېغىزخان قاتارلىقلار ھىلىگەر، ئالدامچى، ساختىپەز، يالاقچىلارنىڭ سىمۋولى قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ. قاغا، قۇزغۇن، چاشقان قاتارلىقلار بولسا تۇرلۇك يامان، بۇزۇق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئەكسىچە بۇركۇت، قارچۇغا، كېپىنەك، قوي، كالا، تۆگە، كەپتەر، چۈمۈلە قاتارلىق ھايۋانات ۋە قۇشلار زېرەك، باتۇر، ئەخلاقلىق، ۋاپادار قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، ئەمگەكچى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجابىي پېرسوناژ ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. خەلق مەسەللىرىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ ئوبرازلار، ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەيدۇ، ئويلايدۇ، خۇشال بولىدۇ، قايغۇرىدۇ ۋە ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدۇ. لېكىن گەپ كۆرۈنۈشتە ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، ئۆسۈملۈك، ھاشارەتلەر ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ھەم تۇرمۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ئۇلار ئارقىلىق بىر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ بىر سىنىپقا ياكى بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنىڭ ئىلغارلىقى ياكى قالاقلىقى، ياخشى پەزىلىتى ياكى يامان ئىللىتى، سەممىي سادىقلىقى ياكى قارا نىيەتلىكى، ئىشچانلىقى ياكى ھورۇنلۇقى، ۋەھاكازالار ئېچىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆستەڭگە قويۇلغان بىر تال ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئۆچكە تەڭلا كېلىپ قاپتۇ.

— سەن توختاپ تۇر، ئاۋۋال مەن ئۆتۈۋالاي، - دەپتۇ ياغاچنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئۆچكە.

— ياق، سەن توختاپ تۇرغىن، مەن ئاۋۋال ئۆتۈۋالاي، -دەپتۇ ياغاچنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆچكە.

— ياق، ئاۋۋال مەن ئۆتىمەن!

— نېمە ئۈچۈن سەن ئۆتەتتىڭ، مەن ئۆتىمەن!

— مەن ساڭا ھەرگىز يول بەرمەيمەن!

— مەنمۇ ساڭا يول بەرمەيمەن!

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكە ۋە ئۇسۇشۇشكە باشلاپتۇ.

ئاخىر ئىككىلىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ. بۇ مەسەلدىن شۇنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇكى، گەپ ئىككى ئۆچكە ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە بەزى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدا بولۇۋاتقان چوڭچىلىق ۋە كاززاپلىقتىن ئىبارەت ناچار ئىللەت قاتتىق قامچىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

خەلق مەسەللىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن تۇرلۇك مەخلۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ، يەنى مەلۇم بىر ئەسەردە ئىجابىي پېرسوناژ سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بىر مەخلۇق، باشقا مەسەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇددى شۇ ئىجابىي پېرسوناژ سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى مۇتلەق بېكىتىۋېتىلمىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: بۆرىنى ئالساق، ئۇ «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» دا خارلانغۇچى، بوزەك قىلىنغۇچى ئىجابىي پېرسوناژ سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، «بۆرى بىلەن قوزى» دا، «بۆرى بىلەن خوراز» دا زوراۋان سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بىر خىل مەخلۇقنىڭ ھەر بىر مەسەلدە ھەر خىل خاراكتېردا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا كىشىلەر ئوخشاش بىر شەيئىگە ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتىدۇ. مەسەللەردىكى مەخلۇقلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ توپ سەۋەبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن، تۈلكە ئادەتتە ھىلىگەرلەرنىڭ ئوبرازى، لېكىن ئۇ توشقان، قوي، توخۇلار بىلەن بىرلىشىپ يولۋاسنىڭ زۇلمىغا تاقابىل تۇرغاندا، ئىجابىي ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. توشقان ئادەتتە بوزەك قىلىنغۇچى، لېكىن بەزى مەسەللەردە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش بىلەن ئۆزىدىن باشقا بوزەك قىلىنغۇچىلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش، باشقىلارنى ئاپەتكە ئىتتىرىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئارقىلىق يىرگىنىشلىك ئوبرازغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چاشقان ئادەتتە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە سازاۋەر مەخلۇق، لېكىن ئۈمۈشۈكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ئوبراز قاتارىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنى

يەنمۇ چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال ئىبنى موللا يۈسۈف خوتەنىنىڭ «قارچۇغىنىڭ ئارزۇسى» ناملىق مەسەلىنى كۆرۈپ باقايلى:

«... ئەيدى: سەرگەردان يۈرۈرمەن قان يۇتۇپ،
شاھ ئىلكىدە قونارغا كۆز تۇتۇپ،
مەن نىقاپ تارتىپ يۈرۈرمەن ئىنتىزار،
شاھ قېشىدا بولغايمەن دەپ ئېتىبار.»

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىش تەس ئەمەسكى، ئادەتتە مەسەل پېرسوناژلىرى ئىچىدە ئىجابىي ئوبراز قاتارىدا تۇرىدىغان قارچۇغا بۇ مەسەلدە زالىم پادىشاھ، قانخور ۋەزىرلەردىن شەپقەت تىلەيدىغان رەزىل ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

بىر مەخلۇقنىڭ گايىدا ئىجابىي، گايىدا سەلبىي ئوبرازدا ئۆزگىرىشى پەقەت مەسەللەرنىڭ ئىجادكارلىرى تەرىپىدىن كەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى، غايىسىنى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مەخلۇقلارنىڭ ئۆزىدىكى مەۋجۇت ئالاھىدىلىك بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر مەخلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنى ئىجابىي ياكى سەلبىي تەرەپلەرگە ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسەللەرنىڭ بىر خىل فانتازىيىلىك چۆچەك بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى ئۇنى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن كەۋدىلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەخلۇق ئۇستىدە ھۆكۈم چىقارغاندا ياكى ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە ئۇنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپلا بىر جەھەتتىكى خاراكتېرى بىلەن چەكلىنىپ قىلىشقا بولمايدۇ. مەسەللەرنى زامان، شارائىت، ماكانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا، مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كۆزىتىش كېرەك. بولۇپمۇ بىر مەخلۇقنىڭ مەسەلدە ئوينىغان ئىجابىي ياكى سەلبىي رولىغا، ئەسەردە تۇتقان ئورنىغا، ئىجادكارنىڭ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن مەركىزىي ئىدىيىسىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا كونكرېت شەيئىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى بولۇپ، ئەسەردىكى مەلۇم بىر مەخلۇقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە فېئودالىزمنىڭ نەرسىلىرى تەقلىت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئىپادىلەنگەن. بىر

قىسىم مەسەللەردە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلىدىغان، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدىغان ھىيلىگەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىسى تەرغىپ قىلىنىدۇ. بەزى مەسەللەردە مەخلۇقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن مەقسەتكە يېتىكەنلىكى مەدھىيىلىنىدۇ. مەسەللەرنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۇنىڭ شەكىل، مەزمۇن ۋە ئىدىيە جەھەتلىرىنىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا بۇ مەسەللەرنى تەتقىق قەلغاندا بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش، يەنى ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىنىمۇ، سەلبىي تەرىپىنىمۇ ئەستايىدىل كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەك ۋە لەتىپىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى بۇ مەركىزىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، بىر قانچە تارماق نۇقتىلار ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىساللار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدۇق. ئەمدى ئەشۇ ئورتاقلىققا ئىگە قىلغان تەپسىلاتلارنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

1) خەلق مەسەللىرى ئاساسەن جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسى بىلەن تۈرلۈك ھايۋانات، دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇش، گۈل - گىياھ، قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىقلارنى ئادەم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

2) خەلق مەسەللىرى شەكىل جەھەتتىن خېلىلا ئاددىي، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇ نۇقتىدا ئۇ ھېكمەتلىك ئىبارە خاراكتېرىغا ئىگە. مەسەللەردە ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكىدەك تەسۋىرىي ئىبارىلەر كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇ ھەجۋىي كۈلكە لەتىپىلەردىكىگە ئوخشاش كۈچلۈك بولمىسىمۇ، بەلگىلىك دەرىجىدە مەسخىرە خاراكتېرىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

3) خەلق مەسەللىرىدىكى ئوبرازلار كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئىشارىلىك بەلگىسىدىن ئىبارەت. مەسەللەردىكى بۇ خىل ئىشارىلەر ئاساسەن ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش ۋە سىمۋوللاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ھەم ئاشۇ ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ، ئىبرەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئابستراكت ئۇقۇملار كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ.

4) خەلق مەسەللىرى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىپ، مەلۇم تۇرمۇش رېئاللىقىغا باغلىنىدۇ. يەنى رومانتىك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسەللەردىكى بۇ خىل فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر ھامان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئاساسلانغاچقا، ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


(1) ئەرشىدىن تاتلىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا داستانچىلىق» «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1986 - يىل 1 - سان.

(2) ئەخەت ھاشىم: «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» 1981 - يىل نەشرى.

(3) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 1987 - يىل نەشرى.

(4) «ئەدەبىيات» (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى 2 - قىسىم، 1984- يىل نەشرى).

(5) مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»، 1981 - يىل نەشرى.


(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: چېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلئارا خەمىت

# ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىغا بىر نەزەر

مۇھەممەتجان سادىق

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھىجرىيە 162-يىلى (مىلادى 1069-1070-يىلى) يېزىلغان بۇ ئالەمشۇمۇل داستان بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ، يەنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئالتۇن دەۋر — قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ مەدەنىيەت ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، XI ئەسىردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. مانا شۇ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت زېمىنىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى «ئالتۇن دەۋر» نىڭ پارلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقى — «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك» كە خۇددى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كېيىنكىلەر يازغان نەسرى مۇقەددىمىسىدە دېيىلگىنىدەك: «بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىلىمگە يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەپ بەردى،» «چىنلىقلار» «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەلىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛ بەزىلىرى «پەندىنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانـ

لىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى»*.

يېقىنقى زاماندىن بېرى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ دۇنيادا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنغان بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى مۇھەببەت داستانى ئەمەس، قەھرىمانلىق ئېپوسى ئەمەس، شۇنداقلا ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئايرىلغان قۇرۇق نەسىھەتنامىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەر، شۇنداقلا تارىخ، پەلسەپە، قانۇن، دۆلەتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق مەزمۇن قىلىنغان ئىلمىي ئەسەر. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز داستانىدا ياراتقان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئوبراز ئارقىلىق بايان قىلىنغان پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. بۇ تۆت سىمۋوللۇق ئوبراز غايىۋى ئوبرازلار بولۇپ، شائىر ئۇلار ئارقىلىق ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشنى، بىلىمنى، بىلىملىكلەرنى ۋە پاك ئەخلاقنى ئىززەتلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق بىر ئىجتىمائىي غايىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل رومانتىكىلىق ئۇتوپىيە (خىيال) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەنبەسىز قۇرۇق خىيال بولماستىن، بەلكى «چايانلار چېقىۋاتقان»، «چىۋىنلەر شوراۋاتقان»، «ئىتلار قاۋاۋاتقان» ئەشۇ بىر جەمئىيەت ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن. ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىمۇ بىر بىرلىككە كەلگەن، ئادالەتلىك، تىنچ، گۈللەنگەن خانلىق قۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاراخانىلار خانلىقىنى ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

524 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

---

* «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىل، 5- بەت.

5234 بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالاڭغاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۈر.

6451 ئى ئالىم قاراپ كۆر، بۇ كۈنكى زامان -
ئۆزگەردى ئىش - هالەت پۈتۈنلەي بۇئان.

6452 بىلىملىك خار ئۆلدى چەتلەتتى ئۆزدىن،
ئەقىللىق گاچا بولدى ئاچماس تىلىن.

6458 هالالنىڭ ئىپتىلا قالدى ئۆزى يوق،
هارام بولدى قاراقچى، تويغۇچى يوق.

6486 ئېغىرلاشتى قورمۇش، كۆپەيدى تەشۋىش،
ئېشىپ كەتتى هىرىسلىق، ئازلاپ سۆيۈنۈش.

6487 پېقىر، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەتچى يوق،
جاهان ئۆزگەردى هەيران بولغۇچى يوق.

بىراق، شائىر ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتى پاش قىلىشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلمىغان، بەلكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خەلق ئاممىسى مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ غايىدە شاهلار بىلەن ئەمەلدارلار، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار، هەر خىل كەسىپ، هەر قايسى ساهەدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئادىل قانۇن، بىلىم ۋە توغرا ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق بۇ مۇناسىۋەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ «بۆرە بىلەن قوزا بىللە ئۆتەلەيدىغان» ئادالەتلىك، گۈللەنگەن، باي ۋە قۇدرەتلىك خانلىق قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ غايە ئەينى تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن ئالغاندا، ناهايىتى زور تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە ئىدى.

شائىرنىڭ بۇنداق بىر غايىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي رېئاللىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شائىر داستاننى يازغان مەزگىلدە قاراخانىلار خانلىقى گەرچە گۈللىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەهەتتە زاۋاللىققا يۈزلىنىش، زىددىيەتلەرنىڭ قاتتىق كەسكىنلىشىشى، خانلىقنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. شائىر قاراخانىلار خانلىقى پارچىلىنىۋاتقان بۇ ئەهۋال-

نى كۆرۈپ، ئۇنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشقا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جان كۆيدۈردى. نەتىجىدە ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدىكى تونۇشى ۋە چوڭقۇر بىلىمى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شائىر غايىسىنىڭ مەركىزىدە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى پەقەت بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئۆزمەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كۆز قارىشى تۇرىدۇ. بۇ مەركىزىي ئىدىيە پۈتكۈل داستانغا، ئەڭ ئالدى بىلەن كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن.

ئودغۇرمىش ئوبرازى كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ئوبرازلىرىغا نىسبەتەن بىر قەدەر مۇرەككەپ ئوبراز بولۇپ، شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىسى بۇ ئوبرازدا يەنىمۇ روشەن، يەنىمۇ تولۇق ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئودغۇرمىش ئوبرازىنى بىر تەرەپتىن ئىچكىنىش ھېسسىياتى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. مەن بۇ ئوبرازنى ئالدىنقى ئۈچ ئوبرازغا قارىغاندا، زور قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئوبراز دەپ قارايمەن. ئەگەر ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژ ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە توغرا تەھلىلگە ئىگە بولسا، شائىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە داستاننىڭ قىممىتى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

ئودغۇرمىش چوڭ ئالىم، دانىشمەن ۋە پەيلاسوپ، لېكىن ئۇ رېئال دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، خىلۋەت تاغقا چېكىنىۋالغان زاھىت. شائىر ئودغۇرمىشنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

3145 يوق ئەرمەس قېرىنداش ئارا مۇنداق ئەر،
ئىلىمدە مېنىڭدىن ئۇشۇقتۇر مەگەر.

3146 ئۆزى تەقۋا ۋە ئويغاق، خىسلىتى كۆپ،
ئىچۈك ئىشنى قىلسا، كۆل كەلتۈرەر خوپ.

3147 ئودغۇرمىش ئېتىدۇر، دۇرۇستۇر خويى،
پۈتۈن ياخشىلىققا بېرىلمىش قولى.

3148 ۋە لېكىن ئۆرۈپ ئۇ بۇ دۇنيادىن يۈز،
چىقىپ ئالدى تاغقا، كۆڭۈل قىلدى تۈز.*

3150 ئۇنىڭ پەزلى مەندىن يۈز ھەسسە ئۇشۇق،
كىشىلەر خىلىدۇر، گويا مىساى يوق.

3151 مېنىڭلە بىر ئۇلسا ئاشۇ قېرىنداش،
پۈتۈن ئىشقا ئىلمى بولار ئىدى باش.

دۆلەت خەۋپ ئىچىدە، خەلق قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىنۋاتقان كۈنلەردە، دۆلەتكە ۋە خەلققە كېرەكلىك بولغاندا، بىر تالانت ئىگىسىنىڭ دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، تەركى دۇنيا بولۇپ كېتىشى شائىرنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئاغرىتىدۇ، ئۇنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەتكە چۈمدۈرىدۇ. كۆزلىرىگە ئۇيقا بەرمەيدۇ. شائىر ئازاپلىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

3331 بۇ قايغۇ مېنى ئۆيدە ياتقۇزمىدى،
بۇ قايغۇ - ئەندىشە تىنچ قويمىدى.

دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىدە كۆيۈپ - پىشۋاتقان شائىر زاھىتلىقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كۈيلەيدۇ. زاھىتلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىدىغان، ئىنسانىيەت نەسلىنى قۇرۇتىدىغان جىنايى شۇملۇقلىرىنى غەزەپ بىلەن قاتتىق ئەيىبلەيدۇ:

3652 جاھان خەلقى بارچە شەھەر - كەنت قويۇپ،
چىقىپ ئالسا تاغقا بۈيۈك يۈك يۈدۈپ.

3653 بۇزۇلغاي جاھان بارچە قالغاي قۇرۇپ،
ئادەم باللىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق.

زاھىتلىققا قارشى چىقىش — ئىسلام ئىدىيىسىگە ئاسيلىق قىلىشتۇر. شائىر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشنى ھەقتا جەننەتكە

* دۇنيا ئىشلىرىدىن كۆڭلىنى ئۈزگەن، دېمەكچى.

ۋە دوزاخقا كۆڭۈل بۆلۈشتىنمۇ يۇقىرى قويىدۇ. ئۆتكۈر ۋە يوشۇرۇن ساتىرا ئارقىلىق ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىن بۇ دۇنيانىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ:

3655 يەنە ھەممە ئادەم بۇ دۇنيانى دەپ،
ئۆلاپ كۈننى تۈنگە، يۈگۈرسە ھەدەپ.

3656 قويۇپ تائەت، دىسە مال، بولۇپ دوزىخى،
يەنە بوش قالماس ئۇ تەگرى ئۇجمىخى.

3332 دوزاخنى ساڭىلا ياراتمىدى ھەق،
ئازابنى ساڭىلا ھەم بەرمىدى ھەق.

بۇ كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرىدىغان يالقۇنلۇق مىسرالار ئىسلام شەرىئىتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، سوپىلار زاھىتلىقنى كۈچەپ بازارغا سېلىۋاتقان، ئىسلام دىنىنىڭ پالىقى كىشىلەرنىڭ بېشىدا ئويناۋاتقان مۇھىتقا نىسبەتەن بىر ئىسيان ئەمەسمۇ؟ شائىرنىڭ بۇنداق زور كۈچ ۋە جۈرئەتتى دۆلەت ۋە خەلقنى كېلىۋاتقان ئېغىر خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ باياشات، تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدىن كەلگەندۇر. ئۇ كۆدۈلمىشنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق «ساۋاپلىق» ئىشلىرى، ھەر كۈنى قىلىۋاتقان تائەت - ئىبادەتلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈنلا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دۆلەت ۋە خەلق زادىلا يوق.

3243 بۇ روزى-نامازلار ئۆز پايدالىق ئىرۇر،
ئۆز نەپسىن دېگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر.

3407 بۇ يالغۇز يۈرۈگچى ياۋايى ئىرۇر،
ئۇنىڭدىن كىشىگە نىمە نەپ يۇقۇر.

3408 كىشىگە نېپى يوق كىشىدۇر ئۆلۈك،
يىگىت بولسا ئەلگە نەپئى بەرگۈلۈك.

شائىر كۈنتۇغدىنىڭ خېتى، ئۇ كۆدۈلمىشنىڭ ئاغزى بىلەن سوپىلارنىڭ زاھىتلىق كۆز قاراشلىرىنى بىر - بىرلەپ رەت قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، بۇ رېئال دۇنيانى كۈيلەيدۇ، ئۇ رېئال دۇنيا دەل شائىرنىڭ نەزىرىدىكى دۆلەت ۋە

خەلقتىن ئىبارەت. ئۇلۇغ شائىر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ خەلق ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى ئەڭ بىرىنچى «ساۋاپلىق ئىبادەت» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

3226 شەھەر-كەنت ئىچىندە ئىبادەت تالاي،
ئۇ يەردە يېرىمەن قىلىپ بولمىغاي.

3237 خەلققە بېرىپ نەپ، موڭىغا يارا،
قېرىنداش دىلىن ئاچ، يېقىنلاش ئاڭا.

3241 سانالغان بۇ ھەممە تائەت ئېرۇر،
بۇ تائەت بىلە بارچە راھەت كۆرۇر.

ئېيىنىشتىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەمنىڭ قىممىتى قانچىلىك ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ». ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ ۋۇجۇدىدا دەل مۇشۇ ئىدىيە گەۋدىلەنگەن. مەيلى ئودغۇرمىش قانچىلىك ئەقىل-پاراسەتلىك، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولمىسۇن، ئۇنىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە قىلچىلىك پايدىسى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈككە تەڭ. پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن كېچىپ، خەلققە ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ قۇۋۋىتىنى بېغىشلىغان ئادەملا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنداق تالانت ئىگىسىدە ھەقىقىي ئادەم قىممىتى بولىدۇ. شائىر مۇشۇنداق بىر چوڭقۇر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئودغۇرمىشنى خەلققە بەخت يارىتىش يولىغا قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ:

3930 بۇيان كەل، نەپئى بەركىشكە، يارا،
نەپئىسىز ئۆلۈك ئول تىرىكلەر ئارا.

3931 ئۆز نەپئىن دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپئىن دېسە كىم چىن كىشىدۇر ئۇ.

3932 مېلىنى تاراتماق سېخىلىق ئەمەس،
سېخى شول پىدا قىلسا جان تەننى، بەس.

3933 كۆيۈمچان ئەمەس ئول ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپئىن ئىزلىگەن.

3935 كىشى ياخشىسى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى كىشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.

بۇ نېمدېگەن ئېسىل ئىدىيە! ئۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن بۈگۈنمۇ يەنىلا چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار.

بۇ يەردە ئادەم ئويلاشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ كۈنتۇغدىنىڭ خانغا قويغان تەلىپى. ئودغۇرمىش: سەن مېنىڭ بۇ تۆت تۈرلۈك تەلىپىمنى ئورۇنداپ بېرەلىدىغان بولساڭ، مەن سېنىڭ خىزمەتكارىڭ ھەتتا چاكىرىڭ بولىمەن، دەيدۇ. ئودغۇرمىش ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تۈرلۈك تەلەپ:

3756 تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان،
يىگىتلىك تىلەيمەن قېرىمايدىغان.

3757 ھەمىشە كېسەلسىز، مېنى ئەيلە ساق،
باي ئەت، ئەيلە يوقسۇل بولۇشتىن يىراق.

ئودغۇرمىش ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۆت تۈرلۈك تەلەپنى كۈنتۇغدىنىڭ ھەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ جاۋابىنى مۇئەللىپ بىۋاستە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر خىل يول بىلەن، يەنى ئودغۇرمىشنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئۈندەيدىغان مىسرالىرى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئېنىق قىلىپ بېرىدۇ.

5923 كىم قىلسا ياخشى قىلىق ئۇ بولدى تىرىك،
كىمكى يامان خولق، ئۇ ئۆلدى تىرىك.

بۇ نېمدېگەن يوللۇق ۋە ئورۇنلۇق جاۋاب! ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئادەملەر ئۆلگەن بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا تىرىك؛ بەزى ئادەملەر تىرىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆلگەننىڭ تەڭ. بۇ يەردە تىرىك بىلەن ئۆلۈكنى پەرقلەندۇرۇۋاتقان «ساخاۋەت» تىن ئىبارەت. شائىرنىڭ نەزىرىدىكى بۇ «ساخاۋەت» نىڭ مەزمۇنى زادى نېمە؟ ئۇ — يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، خەلق مەن-

پەيتتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاش. شائىرنىڭ كۆز قارىشىچە، بىر ئادەمنىڭ باي ۋە مەرد بولۇشى ئۇنىڭ قانچىلىك ماددىي بايلىققا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىش روھى بولغاندا، ئاندىن ئۇ ھەقىقى باي، مەرد ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ قايتا - قايتا بەرگەن تەربىيىسى نەتىجىسىدە ئودغۇرمىش ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئوردىغا كېلىپ خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش، ئادالەتلىك، گۈللەنگەن خانلىقنى قانداق قۇرۇش ھەققىدە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

5241 ئىلىك سەن تېۋىپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا مۇھتاج ئىرور ئاغرىق - خەلق پۈتۈن.

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالىڭغاچ يۇرۇر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۇر.

5244 سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالات بولۇپ سەن ھېكىم - ئۇستىسى.

5245 بېرىپ دورا-داۋاسىن قىلمىساڭ گەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر.

«چاياندەك چېقىۋاتقان»، «چىۋىندەك شوراۋاتقان»، «ئىتتەك قاۋاۋاتقان» خەلق ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ «پادىشاھى ئاتالغان كىشى» «ئۇستا تېۋىپ» بولۇپ، دۆلەت خەلقنىڭ «جاراھىتى» نى داۋالاپ، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك. بولمىسا دۆلەت يوقىلىدۇ. ئودغۇرمىش دۆلەت ۋە خەلقنىڭ «جاراھەت» نى داۋالاش ئۇستىدە يەنە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر ئودغۇرمىشنىڭ ئۆزگىرىشنى يېزىۋاتقان چاغدا يەنە بىر يېڭى ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ يېڭى ۋەقە بىر تەرەپتىن، ئودغۇرمىشنىڭ ئۆزگىرىشنى يەنمۇ

كىيىنكى پەيتلەشتۈرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئۇ يېڭى ۋەقەلىك: ئۆگدۈلمىشنىڭ زاھىتلىق يولىغا مېڭىشى، ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ زاھىت بولماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئودغۇرمىش قەتئىي رەت قىلىدۇ.

6769 كۆر ئەمدى ئىلىگىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن،
سەن ئالىدىڭ يېمەك ـ كىيمەك نېمەتلىرىدىن.

5770 بۇ پەزىل، ئاڭ، بىلىم ھەممىگە ئېلىگ،
سەۋەب بولدى ساڭا، ئېچىلدى ئىشىك.

5771 ئۇلۇغ قىلدى ئۇنۋان ـ نام بىلەن سېنى،
ساڭا ياخشىلىقتا ئېچىپ ئىشىكنى.

5772 ئەي كۆڭلى تىرىك سەن بۇ ياخشىلىقنى —
ئۇنتۇتتۇڭمىكىن يا ياندۇرغۇلۇقنى؟

5784 تېگەر پايدا چاغدا سەن ئۇندىن قېچىپ،
يىراقلاشساڭ قالۇر دىلى ئېچىشىپ.

5785 ئېلىگ قىلدى بار ياخشىلىقنى ساڭا،
كېرەكمەسمۇ جاۋاب، ئەي مەشھۇر ساڭا؟

5788 كىشىلىك قىل، ئى ئەر، ئۇلۇغ كىشى بول،
كىشىلىككە شۇنداق كىشى تۇتتى يول.

5813 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئېلىگ قېشىدا،
ئۇنى تەرك ئېتىپ سەن قالما تېشىدا.

5876 سېنى كۆرسە ماختاپ ئەل ئالقىشلىسۇن،
ۋاپادار دەپ ئېتىڭ ئەلگە تارىسۇن.

شائىرنىڭ نەزەرىدە پادىشاھ ـ دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ ۋەكىلى، پادىشاھقا خىزمەت قىلىش، ماھىيەتتە، دۆلەت ئۈچۈن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

بىز كۈنتۇغدىنىڭ ئودغۇرمىشقا قىلغان سۆزىگە قاراپ باقايلى :

5257 ئەي ئودغۇرمىش ئەمدى چاقىردىم سېنى،
ئۆز نەپسىن ئىستەركەن دەپ قالما مېنى.

3259 خەلققە ياخشىلىقچۇن، قىچقاردىم سېنى،
بۇ-خەلق نەپسى، زورلاپ سەن بۇزما ئۇنى.

3267 ئۆزۈڭدىن كۆرە بەگكە تىلە ياخشىلىق،
بەگ ياخشى ئولسا، بۇ، ئەلگە پايدىلىق.

شائىر ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار دۆلەت ۋە خەلق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن تالانت ئىگىلىرى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىنى، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى ئۇنتۇش - ئۇنتۇماسلىقنى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ئۇنتۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرنى كۆرمەي، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن چوت سوقۇۋاتقان ئەشۇ ئالىملارنى، قالانت ئىگىلىرىنى دۆلەت ۋە خەلقنى كېلىۋاتقان ئېغىر خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا، ئادالەتلىك، باياشات خانلىق قۇرۇپ، خاتىرجەم دەۋر يارىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا چاقىرىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ياراتقان ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئېنىق، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر قىلىپ ئىپادىلىگەن. بىز ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق، خەلق خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قالغان، دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بىر شارائىتتا، كېچە - كۈندۈز دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەۋاتقان بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنى كۆرىمىز. ئۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پالىقىدىن قورقماي، سوپىلارنىڭ زاھىتلىقىغا غەزەب بىلەن قارشى چىقىدۇ. ئۇ شەخسىي مەنپەئەتنىلا ئويلايدىغان ئادەملەرنى قاتتىق سۆكۈپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشكە چاقىرىدۇ. ئۇ بارلىق ئالىملارنى، تالانت ئىگىلىرىنى خەلق ۋە دۆلەتكە كۆيۈنۈپ ئادالەتلىك، گۈللەنگەن خانلىق قۇرۇشقا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچ ۋە

(داۋامى 185 - بەتتە)

# «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىغا نەزەر

ئابلاجان مۇھەممەت

ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا دۇنيانىڭ شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان كونكرېت زامان، ماكان ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا يارىشا مىللىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەزمۇنى مول، تەركىبلىرى مۇرەككەپ، قاتلاملىرى كۆپ خىل بولۇشتەك بىر مۇنچە ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن دۇنياۋى ئىلىم - پەن خەزىنىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي بىلىش شەكلى ۋە ئۇنىۋېرسال پەن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە زور قىممەتكە ئىگە مىللىي مىراسلارنى ياراتقان. «ئوغۇزنامە» بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق ئەدەبىي ئۈرنەكلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ياراتقان رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىپتىدائىي مىفلىرى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، دۇنيانىڭ ماھىيىتى، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېتىقادى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ئانىمىزملىق قاراشلىرى، تۈرلۈك ئۆرپ - ئادەت ۋە ئېتىقادلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي داستانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئىنسانشۇناسلىقى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىقى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زور تارىخىي

ۋە رېتىمال قىممەتكە ئىگە بولغان شانلىق مەدەنىي مىراس بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

خەلق داستانلىرىدا شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرى مۇئەييەن ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئەھۋاللىرى ھەمدە مۇشۇ خىل تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ھايات باسقۇچىدىكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش يولىدا ئىزدەنگۈچى قەھرىماننىڭ تىپىك غايىۋى ئوبرازى بولۇپ، بېلىگە ئوۋاق-يا، قىلىچ ئاسقان، ئات مىنىپ، نەيزە تۇتۇپ مال باققاچ ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن ھالەتتە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. ئېپوستىكى مۇشۇ خىل تىپىك ئېپىزوتلار ئەسەر بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي باسقۇچ — ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى دەۋرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» دە ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئۇنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچان ئورنى، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنساننى مەركەز قىلىدىغانلىقىدەك مۇھىم مەسىلىلەر ئىپادىلەنگەن. ھەر قانداق بىر مىللىي مەدەنىيەت نەمۇنىسى مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندا ياشىغۇچى شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھەق-

---

ئەقىل-پاراسىتىنى بېغىشلاشقا چاقىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ، بۈگۈنمۇ بىزنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

بىز ئۇدغۇرمىشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئوبرازنى قىسقىچە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نېمىشقا ھازىرغىچە كىشىلەر قەلبىدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نېمىشقا مەڭگۈ ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ قالغانلىق قىممىتىنى چۈشىنەلەيمىز.

مەن بۇ ماقالەمنى شائىرنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

5923 كىم قىلسا ياخشىلىق ئۇ بولدى تىرىك،
كىمكى يامان خۇلق، ئۇ ئۆلدى تىرىك.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئىلى سىفەن شۆيۈەنى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

قىدىكى كۆرەش ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر نەتىجىسىدە سۇبيېكتىپ ئاڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» نىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتى ئىنسانلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئىنسان بىلەن مەنپەئەتدار بولغان شەيئىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ قاراشتەك ئىپتىدائىي پانتېزملىق ئېتىقاد ۋە ئانىمىزملىق چۈشەنچىلەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. باش قەھرىمان ئوغۇزخان ئەسەرنىڭ بېشىدىلا: «ئۇنىڭ ئايىغى ئۆكۈز ئايىغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىدەك، كۆكسى بولسا ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى تۈكلۈك ئىدى» دېگەن سۈپەتلەر ئارقىلىق ھايۋاناتلارغا تەقلىد قىلىپ سۈرەتلەنگەن. بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان سەنئەتتە ئىنسان ئوبرازىنى مۇنداق ھايۋانلار سۈپىتى ئارقىلىق ئىپادىلىشى ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساسىدىكى تۇرمۇش شارائىتى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قارىشىچە، ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەر ئۇلۇغ خىسلەتكە ئىگە ھېسابلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت سۈپىتىدە ئومۇملاشقان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «... ئاتام خاقانىنىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن» دەپ يېزىلغان. باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەت ھايۋانلار سۈپىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىنى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشىتىپ سۈپەتلىگەندىن سىرت، يەنە ھايۋان ئىسىملىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە قوللانغان. مەسىلەن، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرى ئارسلانخان، بۇغراخان، ئارسلان تېكىن دېگەندەك ئاتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يولۋاس ئارسلان، شىرئەلى ... دېگەنگە ئوخشاش ھايۋانلارغا خاس ئىسىملارنى قوللىنىشنى كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارچىلىق مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ 12 مۆچەلنىڭ ھەممىسىنىڭ ھايۋاناتلار نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرىمىز. قەدىمكى ئىنسانلارنى ئۆز ھاياتى

ۋە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋانلارنىڭ تۇرقى - ھالىتىنى مۇھىم بەلگە قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى ھايۋانلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. شۇڭا ئوۋچىلىق ھاياتى مەزگىللىرىدە ئادەملەر كائىنات قوينىدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياشاۋاتقان ۋە ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ مۇھىم ماددىي كاپالىتى بولغان ھايۋاناتلارنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ، ھەتتا ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. چارۋىچىلىق ھاياتى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلىرىدىمۇ ھايۋانلار بىلەن ئادەمنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنگەن، ھايۋانلار ئەقىل - پاراسەت جەھەتتىن ئىنسانلاردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئادەمنىڭ نىجاتكارى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يۇنان ئەپسانىلىرىدىمۇ يېرىم ئادەم، يېرىم ئات قىياپىتىدىكى مەخلۇقلارنىڭ كېيرون ۋە باشقا قەھرىمانلارغا ئەقىل —— پاراسەت بىلەن تەبىئەتنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇستاز بولغانلىقى ھەمدە ئۇلارغا ساز چېلىش، دورىگەرلىك قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. دېمەك ئىپتىدائىي ھايات باسقۇچىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ئادەم بىلەن ھايۋاناتلار مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى زور تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئىنسانلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئادەتتىن تاشقىرى پائالىيەتچان رولى ۋە ئىقتىدارى ئارقىلىقلا ئاجرىلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھايۋاناتلارغا تايىنىپ ئايرىلىپ چىققان. ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەپ، ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان بولسا، كېيىنچە ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئىشلەتكەن، ھايۋانلارنىڭ بەزى ئەزالىرىنى دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن تەدرىجىي يوسۇندا ئۇلارنى كۆندۈرۈپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرغان. ياۋۇز چوڭ ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئامالى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ خىل ھايۋانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارغا چوقۇنىدىغان، ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېملىق ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇشۇ خىل تونۇش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. توتېمغا چوقۇنۇش قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي پانتېزملىق پەلسەپە

ئېتىقادىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ
ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي ئاڭ شەكىللى-
رىنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ھەر خىل بول-
غان. ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى ھەر قايسى قەبىلىلەردە ھەر خىل
بولغان ھەمدە ھەر قايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرى-
دىغان مۇھىم بەلگە سۈپىتىدە غايەت زور ئىجتىمائىي، تارىخىي رول ئوينىغان.
قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دەسلەپكى مەزگىللەردە تۈرلۈك ھايۋان ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ توتېم بەلگىسى قىلىپ قوللانغان بولسا، كېيىنكى مەزگىل-
لەردە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇيۇشۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ
توتېم بەلگىسى بۆرىدىن ئىبارەت بىر خىل ھايۋانغا مەركەزلەشكەن. مۇشۇ مەنى-
دىن ئېيتقاندا، تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغىنىغا ئوخشاش، «ئۇيغۇر» دېگەن
سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇيۇشماق، ئىتتىپاقلاشماق دېگەن مەنىدە چۈشىنىش ئۇيغۇر مىل-
لىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا ئۇيغۇن. «ئوغۇزنامە» ئېپو-
سىدىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەر-
يانلىرى بىر قەدەر چىن ھەم تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا يەنە ئىنسانلارنىڭ يورۇقلۇقتىن يارالغانلىقى ھەق-
قىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرمۇ ناھايىتى كەڭ ئورۇن ئالغان. «كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئوغۇزخان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ
ئاسماندىن بىر كۆك نۇرى چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىن چوڭ، ئايدىن يورۇق ئىدى.
ئوغۇزخان بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى.» ئەسەردە يەنە
ئوغۇزخان ئۇرۇم خاقانىنىڭ ئېلىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدىمۇ كېچىدە
ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇقلۇق چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر
كۆك بۆرىنىڭ پەيدا بولۇپ يول باشلاپ ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ-
دا ئادەمنىڭ ھەتتا توتېملىق ھايۋانلارنىڭ يورۇقلۇقتىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى
ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەر ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت
باسقۇچىدا ھاياتلىق نۇردىن كېلىپ چىققان دېگەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد قارىشىدا
بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئورنىتىلغان «قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ
تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت بار: «... ئۇيغۇرلار
يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇيۇرتىكى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە-
قىلغان، ئۇنىڭ بىرى توغۇسى دەرياسى، يەنە بىرى شولىڭگې دەرياسى دەپ

ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخقە شولا چۈشۈپتۇ، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەنگە ئوخشاش قورساق سېلىپ قاپتۇ. بۇ شولا دەرەخقە ئۇدا توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ كىچىكى ئەردىن بۆكۈخان ئىكەن ...». مانا بۇنىڭدىكى ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە 760 ـ يىلىدىن 780 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان تارىخىي شەخس بۆكۈ خاننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتتىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق يورۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇز خاننىڭ تۇنجى خوتۇنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورانى بولغان كۆك بۆرىنىڭ يورۇقلۇقتىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقتا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھاياتلىق يورۇقلۇقتىن يارالغان دېگەن ئەپسانىۋى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىكەن. ياۋروپالىقلارنىڭ ئەپسانىلىرى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىدە «تەڭرى نۇرى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بولغان، كېيىن ئادەمنى ئالەمدىكى مۇشۇ ئەڭ گۈزەل نەرسە — نۇردىن ياراتقان» دېيىلىدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەردە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىنساننىڭ ھاياتلىققا كۆزئېچىشى تەبىئەتتىكى يورۇقلۇقنىڭ بولۇشىغا باغلىق دەپ قارىشى نەتىجىسىدە ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامان ئېتىقادى شەكىللەنگەن. ئىنساننىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق ئېتىقاد قارىشى ھىندىلارنىڭ «ماخابخاراتا» ئېپوسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ماخابخاراتا» دا كۇنتىبخوجۋا دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى كۇنتى مەلىكىنىڭ كۈن نۇرى بىلەن قوشۇلغانلىقى ھەمدە مۇشۇ غايىپ نىكاھتىن (مەلىكە كۇنتى) بىلەن قۇياش نۇرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئەسەر قەھرىمانى كارنۇنىڭ تۇغۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز رەقىبى ئارجۇنا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىدىن نۇر چىقىپ ئەسلى زاتى بولغان كۈنگە قايتىپ، كۈن نۇرى بىلەن قوشۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئېپوس ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

كارنۇنىڭ تېنىدىن نۇر شولا چاچتى،
كۈندىن تۆرەلگەچكە كۈنگە قايتتى،

بەدىنىدىن چىققان نۇر كۈنگە يەتتى،
چاڭدا ياتقان تېنى ئۇنىڭ كۈندە كۆيدى،
كۆكتىكى كۈن قايغۇرۇپ نەرە تارتتى.

(«قىرغىزىستان مەدەنىيىتى» نىڭ 1987 - يىل 1042 - سانىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى.)

ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، قەدىمكى كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە كۆپىيىشىنى قۇياش نۇرى ۋە مۇشۇ نۇر ئاستىدا مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك جانسىز شەيئى، ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخ ۋە ھايۋانلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قاراپ، مۇشۇ خىل سىرلىق مۇناسىۋەت جەريانىنى ئىلاھلاشتۇرغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد «ھەممە شەيئىدە روھ بولۇش» چۈشەنچىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى بىلەن تومۇرداشتۇر. ئەنگلىيىلىك ئىنسانشۇناس ئىدۋارد تېيلورنىڭ يەكۈنى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنى پەقەت ئەپسانىۋى بىلىش شەكلى ئارقىلىقلا ئىپادىلىگەن. ئەپسانىلەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ شۇنداق بىر خىل روھىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەھسۇلىكى، ئۇنىڭدا قايسى نەرسىنىڭ ئىنسانىيەتكە، قايسى نەرسىنىڭ تەبىئەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ئايرىلمايدۇ. بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەرىپىدىن ھاياتلىق ۋە ئىنسان خۇسۇسىيىتىنىڭ بەدىلى قىلىنىدۇ». ئىپتىدائىي ئادەملەر بارلىق تەبىئىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسىنى ھاياتلىققا ئىگە دەپ قاراپ، بارلىق مەۋجۇدىيەتنى ئادەملەشتۇرگەن. بۇ خىل ئادەملەشتۇرۇشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزگىرىشى ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئەپسانىلەر شەكىللەنگەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە ئامالسىز قېلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەيئى ۋە مەۋجۇداتقى، مەسىلەن، تاغ، دېڭىز، ئورمان، كۆك ئاسمان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ئىلاھى بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى كۆك تەڭرى ئىلاھىغا مەركەزلىشىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار كۆك تەڭرىگە چوقۇنغاندا قۇياشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياش ئىلاھىنى مەركىزىي ئىلاھ، دۇنيادىكى بىردىنبىر ھاياتلىق تەڭرىسى دەپ ھېسابلىشى قۇياشنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە يورۇقلۇق بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئاساس قىلغان. «ئوغۇزنامە»

ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرىگە كۈن،
يەنە بىرىگە ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ، كېيىنكى خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ
ئوغلىغا ئاسمان، تاغ، دېڭىز دەپ ئات قويۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت-
نى ئىلاھلاشتۇرغانلىقى، ئۇلۇغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل
ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەج-
دادلىرىمىز ئاسمان جىسىملىرىنى ئالاھىدە كۆزەتكەن ۋە ئىلاھلاشتۇرۇپ، سىرلىق
تۇسكە ئىگە قىلىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەن، ئۇلارغا تېۋىنغان. قەدىمكى ئەج-
دادلىرىمىز يەنە كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇن، تەرەپ، ۋا-
قىت، پەسىل قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىشتا ئۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلانغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە
ۋە كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سە-
ۋەب شۇكى، ئەينى دەۋردە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى
ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار پايانسىز دالىنى ماكان قىلىپ، تولىمۇ ئاددىي
تۇرمۇش شارائىتىدا ياشىغان. مۇشۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ئۇلارنىڭ تى-
رىكچىلىك پائالىيىتى پەقەت نورمال يورۇقلۇق ئاستىدىلا ئاندىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەدرىجىي ۋە تەبىئىي ھالدا قاراڭغۇلۇقتىن قور-
قۇش، بىزار بولۇش ۋە كېچىنى بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزۈش، ئاينىڭ
تۇغۇشى ۋە كۈننىڭ يورۇنراق چىقىپ، يورۇقلۇق بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈ-
تۈش، ئۆزلىرىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى كۈننى ئۇلۇغلاش كەيپىياتى تۇغۇلغان،
يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك
سىرلىرىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك بولغان. يامغۇر، قار يېغىش، مۆلدۈر چۈ-
شۈش، چاقماق چىقىش، ھاۋا تۇتۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئاسمان ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تەبىئىي ھالدا
كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. قەدىمكى ئەج-
دادلىرىمىزدا بۇ خىل كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ بولۇشى سەۋەبلىك ئەپ-
سانىۋى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن ئىنسانغا ياخشىلىق قىلغۇچى ئىلاھىي كۈچ-
لەر — پەيغەمبەر، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئاسماندىن چۈشكەن قىلىپ سۈرەتلە-
نىدۇ. قەدىمكى ئەپسانە، چۆچەكلەردە مۇشۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادىلە-
نىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك ئاسماننى ئىلاھلاشتۇرۇش ۋە كۆك تەڭرىگە چوقۇ-
نۇش ئېتىقادىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئىپادىسىدۇر. قەدىمكى

ئەجدادلىرىمىز ئالەمنى مۇنداق ئۈچكە بۆلگەن: بۇنىڭ بىرىنچىسى كۆك (ئاسمان) بولۇپ، بۇ يەردە ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن يۇقىرى بولغان ئىلاھلار تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى يەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ۋە تۈرلۈك مەخلۇق ۋە شەيئىلەر تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى يەر ئاستى بولۇپ، ئۇ يەردە روھ ـ ئەرۋاھلار تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا بالايى ئاپەت ۋە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ ياكى تۈرلۈك سېھرىي ـ جادۇلار بىلەن ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ، كۆك ئاسماندىكى ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ نىجاتكارى بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، دەپ قارىغان. مۇشۇ خىل ئىپتىدائىي قاراش شامان دىنى ئېتقادىدا گەۋدىلىك ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلارنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۈيۈك تارىخىي يادنامىدۇر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى،
2. «ئىلئادا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. «پەلسەپە ئىنسانشۇناسلىقى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى.
4. «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، سەنلىيەن كىتابخانا نەشرىياتى.
5. «جۇڭگو فولكلورشۇناسلىقى» لياۋنىڭ داشۆ نەشرىياتى.
6. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتقادى توغرىسىدا»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان.
8. «قىرغىزىستان مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىلى 22 ـ يانۋار سانىدىكى «ماناس ئېپوسىنىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتلىرى» ۋە باشقا ماتېرىياللار.
9. «ئۇيغۇر فولكلورى توغرىسىدا»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: جۇمەخۇن

رەھبەرلىرىمىز، ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىمىز، گېزىت - ژۇرناللىرىمىز ھەم ئۇلارنى ئىجتىمائىي پەنگە دائىر تۈرلۈك مەخسۇس بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، خېلى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساس تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىشى، ھەم ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە كۆپرەك قاتنىشىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ياخشى ئىستىلنى پەيدىنپەي تىكلەشكە يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇلارنىڭ ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىنى، بولۇپمۇ ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش، ياردەم بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كەڭ ياش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى ناھايىتى تېز يېتىشتۈرگىلى، يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەت ياش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا خەنزۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىغا قارىغاندا ئازسانلىق مىللەت تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى خېلى پىششىق بىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىكى ئامما بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ئالاقىسى بار. ئۇلار ئارقىلىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارساق، ئاندىن كەڭ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى ئومۇملاشتۇرالايمىز ۋە تارقىتالايمىز. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە باشقا ھېچقانداق نەرسە بۇنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، كەڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن يۇقىرىقى پىشمىغان پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئاخىردا سىلەرنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىڭلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

تۈزگۈچى ۋە نەشىر قىلغۇچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 337937)

تېكىستى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1038/C

ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 81 — 58. پوچتا نومۇرى: 830011

باھاسى: 1.00 يۈەن